Butun dunja piru..........ь birləşiniz!

QЬZЬL ØZBEKISTAN

1925nci jьldan başlab cьqdь

ajrьm вanasь 5 tijin

Øzвekistnn mərkəzij fьrqumь, Samarqand Okrug fьrqumь, Øzвekistan mərkəzij ьçraqumь. və Øzəkistan mərkəzij kəsəвələr şurasьnьn fikir tarqatucьsь

aвuna вahasь								ədrislər
1 ajqa		3 ajqa		6 ajqa		1 jьlqa		*Başqarma*
som	t.	s.	t.	s.	t.	s.	t.	Samarqand Nərimən kecəsi 6.
1	10	3	30	6	50	12	—	*Baş kəntər:* fьrunza kecəsi 8. tilifun myhərrir—586 məs'yl kaьв—587 вaş kəntər—17

№ 90 (1586) Seşənвə, 22 nci Əprel 1930-inci jьl № 90 (1586)

NƏZƏRIJƏ ƏMƏLIJƏ BILƏN MƏHKƏM BAQLANB QURULSA U IŞCILƏR HƏRƏKƏTININ EN BYJYK KYCIGƏ ƏJLƏNƏDI

ئىنقلابى نەزەرىيە ئۈچۈن

كوممونىستلار فرقاسى وە ئۇنىڭ لېنىن مەركەز قوممىتاسىنىڭ يولباشچىلىغى ئاستىدا، پرولېتارىياتنىڭ ئىجادى كوچى، ئىنقلابى غايراتى بىلەن س.س.س.ر. نىڭ خالق خوجالىغىنداغى سوسىيال وە ئىقتىسادى ريواجلانىشىنىڭ زەربەلى رەوشدە كوتەريلىشى؛ مەملەكەتىمىزنىڭ ئىندوستىريالەشىنىڭ كورلەمەگەن دەرەجەدەگى بەلەند سورعەتى؛ خالق خوجالىغىنىڭ ئىقتىسادى وە تېخنىكى زەمىنىنىڭ قايتادان تۈزولوشى؛ سوسىيالىزم ساناعاتىنىڭ يولباشچىلىغى ئاستىدا قىشلاق خوجالىغىنىڭ سوسىيالىزم ئاساسىدا قايتادان قورولوشى، س.س.س.ر. دە كولخوزچىلىق حەرەكەتىنىڭ كەمباغال وە ئورتا دېھقانلارنىڭ دولقونلى حەرەكەتىگە ئەيلەنىب، قىشلاق خوجالىغىنىڭ ئوچدەن بر قسمىنى كوللېكتىفلەشىب، يەڭگى تېخنىكە زەمىنىگە-سوسىيالىزم سيستەمەسىگە كوچىشى، باپپاس-يغا كولخوزلاشو زەمىنىدە موشتومزورنىڭ سنف بولب باشاوينىڭ توگەتىلىشى - بولار هەممەسى س. س. س. ر. نىڭ خالقلارنىڭ سوسىيالىزم قوروش دەوريگە كوچكەنىنى وە قوروش ئۇستەىدە ئىكەنىنى كورسەتەتورغان كوچلىك دەلىللەردر.

بو زەربەلى، بو قزغىن قورولوش، ئىشچىلەر سنفىنىڭ، كەمباغال وە ئورتا دېھقانلار عاممەسىنىڭ ماددى سەوييەلەرىنى كوتەرىش بىلەن بىرگە، گەرچى ئىقتىسادىمىز يۈكسەلىشىدەگى سورعەتدەن پەسترەك سورعەت بىلەن بولسا هەم مەدەنى قورولوشىمىز ساحەسىدا هەم بويوك ئىلگەريلەش توغدرەدى.

س. س. س. ر. پرولېتارىياتى مەنە شو يوسوندە بولغان كوچلىك غالابالار نەتيجەسىدە توغولغان وە كېسكىنلەشكەن دونيا كەپيتەليستەلەرىنىڭ قارشىلىغى، كوچەيگەن كولەمەسلكلەرى، هەم ئۆز مەملەكەتىمىزدە سنفى موناسابەتلار قانعى ئۆزگەرىب، ئوتكورلەشكەن، جودە هەم جىددىلەشكەن، سنفى كورەش شارائىتىدا سوسىيالىزمنىڭ يەڭگى غالابالارى ئۈچۈن يەڭگى قانعى كورەشلەر مەيدانىدا جانبازلىق قىلىب تورادى.

س. س. س. ر. پرولېتارىياتى وە ئۇنىڭ ئەۋەنگاردى - يېتەكچىسى كوممونىستلار فرقاسى، سوسىيالىزم قورولوشىنىڭ غالابالارىدان توغولغان بر مونچە قيىنچىلىقلارغا ئۇچراسا هەم، ئۆزىنىڭ باش يولىنىڭ تولا توغريلىغى، كوچلىك بولشېويكلىك ئىرادەسى وە ئىشچىلەر سنفىنىڭ ئىنقلابى غايراتى نەتيجەسىدە قيىنچىلىقلار بىلەن رەحمسز رەوشدە كورەشدى هەم يېڭدى.

قيىنچىلىقلارنىڭ سوسىيالىزم هوجومىگە روبە - رو كېلگەن وە لېنىن فرقاسىنىڭ ئۇنغا (قيىنچىلىققا) قارشى ئوت ئاچىش جارايانىدا قورقىقان، فرقانى ئارقاغا چېكىنىشگە «ئوندەگەن» ئوڭ ئوپپورتونىزم وە ئۇنىڭ «ئوبيېكتىف ئىتتىفاقچىسى» بولغان «سول» عيبارەچىلار هەم فرقانىڭ برلەشكەن زەربەسىگە ئۇچرادى.

حازرغى دەوريمز – سوسىيالىزم هوجومىنىڭ ئون بەردەوەر، يوز بەردەوەر كوچەيگەن دەورى - قانعى قورولوش وە قاتعى ئۆزگەرىش دەوريدر. بو دەورنىڭ ئالدىدا تورغان ماقساد وە وەزىفەلەرى قانچالىق زور بولسا، ئونغا روبەرو كېلەتورغان موشكىللىكلەر هەم كەم ئېمەس. شونىڭ ئۈچۈن پرولېتارىيات وە ئۇنىڭ فرقاسى، فرقانىڭ بوتون واسىتاچى تاس-مالارىنىڭ كورەشچەنلىك قابلىيىتى، بولشېويكلىك پوختالىغىنى يەنەدە ئوتكور، يەنەدە كېسكىن بولىشىنى تەلەب قىلادى.

بونىڭ ئۈستىگە حازرغى قورولوشىمز شارايىتىدا ئوڭ ئوپپورتونىزم وە «سول» قيىشايوچىلارنى سوغاروچى زەمىن ئۆزىنىڭ بارلىغىنى هەلى ساقلاب تورغان ئۈچۈن يوقاريداغى نەلەرنىڭ سياسى قىممەتىنى يەنەدە كوچەيتەردى، يەنەدە ئارتدىرادى. يەڭگى دەورنىڭ ئاساسى وەزىفەلەرىدەن برى بولغان، دېھقان خوجالىغىنى كوللېكتىفلەش ئىشىنى ئوتكەزگەن واقتدا، لېنىن وە ئۇنىڭ فرقاسىنىڭ يولىنى بوزب مەعلوم حادىسالاردا ئوڭ ئوپپورتونىزمغا، ئونغا نسبەتەن موراساچىلقلىقايان باسب، ئونىڭ نيگومەنىگە سوووقوب، مەعلوم حادىسالاردا، ئوڭ ئوپپورتونىزمنىڭ «ئوبيېكتىف ئىتتىفاقچىسى» بولغان «سول» قيىشايولار-جودە كوپ جايلاردا شولارنىڭ عەمەلدە ئانق كورنىشلەرى شوبهەسز بولار ئۈچۈن هەلى زەمىنىنىڭ بار ئىكەنىنى كورسەتەدى.

مەنە شو سوسىيالىزم هوجومى قارشىسىدا تورغان قارشىلقلار توپلامىنى هەممە واقتداغىداى تامام يېڭىش وەزىفەسى فرقامز، كومسومول، كەسەبە ئاعزالارى وە فرقانىڭ بوتون حەرەكەت قىلغوچى كوچلەرىنىڭ برنچى نەوبەتدە ئىنقلابى نەزەرىيە بىلەن ئىش – ترناقغا قادار قوراللانىش مەئەلەسىنى بوتون گەۋدەسى بىلەن قويادى. چونكى «ئۆز يولىنى ئىنقلابى نەزەرىيە بىلەن يارىتماىتورغان عەمەلى ئىش كور عەمەلىيە بولغانىداى، ئىنقلابى عەمەلىيە بىلەن باغلانماغان نەزەرىيە هەم ماعناسز نەزەرىيە بولب قالادى. ئامما نەزەرىيە ئىنقلابى تەجرىبە بىلەن مەحكەم باغلانب قورولسا، ئو ئىشچىلەر حەرەكەتىنىڭ ئىڭ بويوك كوچىگە ئەيلەنە ئالادى. چونكى، ئو (نەزەرىيە)، فاقات ئوگىنە حەرەكەتگە مەحكەم ئىشانچنى، نەزەرىيە دايىراسىغا كوچنى وە ئېحتانا قىلغان حادىسالارنىڭ ئېچكى عالاقاسىنى ئاڭلاونى بېرە ئالادى. چونكى، ئو، فاقات ئوگىنە، سنفلەرنىڭ حازر قاندای وە قای تامانغا حەرەكەت قىلغانىنىغىنا ئېمەس، بەلكى، ئولار كېلەجەك ياقن دەور ئېچىدە قاندای وە قای تامانغا قاراب حەرەكەت قىلاجاغىنى ئاڭلاشغا ياردام بېرەدى» (ئىستالىن).

مەنە شونىڭ ئۈچۈن ئۆزبېكستان كومفرقا مەركەزقوممىتاسى، پرولېتارىيات ئىنقلابىنىڭ بويوك نەزەرىيەچسى وە عەمەلىيەچىسى ۋ. ئى. لېنىننىڭ توغولغانىغا 60 يل تولىش كونى وە «لېنىن پراوداسى» (كوممونىست ماتبوعاتى كونى) هەم ئۆزبېكستاندا كوممونىست ماتبوعاتىنىڭ 12 يللىغى موناسابەتلەرى بىلەن «ماركس-لېنىن نەعلىماتىنى ئۆگرەنىش ئېكى هەفتەلىگى» نى ئۆتكەزىشكە قارار قىلدى. بو فاقات «سېزونلىك مەعرەكە» گىنە ئېمەس، بەلكى، شو ئېكى هەفتە ئېچىدە ئۆزبېكستان فرقا، كومسومول وە كەسەبە تەشكىلاتلارى ئېچىگە كرگەن ئىشچى، بەترەك، كولخوزچى وە كەمباغال دېھقانلار ئۈرتاسىدا ئىنقلابى نەزەرىيە بىلەن قوراللانىش يولىدا قاتعى بر ئۆزگەرىش توغدىرب، فرقانىڭ بوتون حەرەكەت قىلغوچى كوچلەرىنى ماركس - لېنىن نەزەرىيەسىنى ئۈگرەنىش ئۈچۈن تولا وە داواملى رەوشدە سەفەربەرلىك قىلىشدر.

ئۆزبېكستاندا قىشلاق خوجالىغىنى قايتادان قورۇش ئىشى جارايانىدا، كوب جايلاردا ئوڭ وە«سول» ئوپپورتونىزم بىلەن مەحكەم بولشېويكلىك پەزيتسيەسىدە تورب كورەشلەمەسلىك هەم فرقا تازالاش واقتداغى حاللار، عەمەلىياتچىلارىمزنىڭ نەزەرى جەهەتدەن جودە پەست ئىكەنلىگى يەنە بر مەرتە كورسەتدى.

ئۆزبېكستاننىڭ پرولېتارقاتلامىنىڭ هەلى زەعيف بولىشى، ئولكەنىڭ مەدەنى جەهەتدەن قالاقلىغى، مەحەللى شاوينىزم وە بويوك مللەتچىلىك ئوچۈن شارايت توغدىرادى. فرقامزنىڭ بوتون واسىتاچى تاسمالارىنىڭ بولشېويكلىك پوختالىغىنى مەحكەملەب ئەنە شول خاوفلار بىلەن كورەشىش مەسئەلەسى ماركس - لېنىن نەزەرىيەسى بىلەن چىنەكەم قوراللانىشنى كوندەلەك قويادى. چونكى، سوسىياليزم هوجومىنىڭ كوچەيگەن دەوريدە عەكس فرقاۋى وە عەكس شوراۋى حەرەكەتلەر هەر بر رەڭدە ئاچقدان - ئاچق، يا ئىسە ياشرن رەوشدە ئۆز ئىشىنى كوچەيترەدى. بونى يوقاتىش، تامام يېڭىش شوبهەسز بولشېويكلىك سېزگىرلىكنى كوچەيتىرش بىلەن تەمىن قىلىنادى.

مەنە شو «ئىكى هەفتەلىك» ئۆچىدە ئىنقلابى نەزەرىيەنىڭ ئەهەمميەتىنى كەڭ رەوشدە تاشۋىقات قىلش بىلەن بىرگە، بو كۈنگە قادار فرقا ماعارىفى ساحاسىدا بولغان جانسزلىق، بېپەروالىقغا قارشى كورەش ئاچىلىب، فرقا ماعارىفىنى ئۆز دەرەجەسىگە كوتەرىش زەرور. ئايرم تېكشىرشلەر، سياسى، ئىقتىسادى مەسئەلەلەر بويىنچا موساحابالار، مەجلىسلەردەگى چىقىشلارغا قاراب فرقا ئەكتىفىنىڭ برمونچە قسمىنى ئۆز - ئۆزيدەن ئۆگرەنىش بىلەن ماشغول ئېمەسلەر ديب مەحكەم ئەيتىش مومكن. ئەگەر بو حالشونداى داۋام قىلابىرسە، بونداى ئەكتيف كوچلىك قورولوش دەوريدە ئەرەوەدەن توشب قالادى وە پارتىياغا يات بولغان مەفكورەلەر بىلەن: ئوڭ وە «سول» ئوپپورتونىزم، مللەتچىلىك وە باشقالار بىلەن كورەش جەبهەسىدە قابلىياتسزلىق قىلادى.

سوسىياليزم قوروش جەبهەسىدەگى عەمەلىيەچىلەرىمزگە علمى ئاساسدا قورولاياتقان سوسىياليزم مايدانىدا قوروق عەمەلىيەچىلىك پوچ عەمەلىيەديىمز. چونكى «حەرەكەتنى تولا رەۋشدە نەزەرىيە بىلەن يارىغلاندرماغان تار عەمەلىيەچىلىك حەرەكەتنى يالغان يولغا بوروش خاوفى بىلەن قورقيتادى»: چونكى «عەمەلى ئىشچىلەرنىڭ نەزەرىيەدەن قول سىلتەب كېتشگە ئىنتىلىشلەرى لېنىنىزمنىڭ بوتون روحيگە قارشىلىق قيلادى هەم ئىشنى كەتتە خاوفلار بىلەن قورقيتادى» (ئىستالىن). «ئىكى هەفتەلىك» واقتيدا بوندان كېين ماركس - لېنىن نەزەرىيەسىنى بوتون فرقا، كومسومول وە پرولېتار جامعاتچىلىغى ئورتاسىدا چوقور سىڭدىرش ئۈچۈن هەممە كوچلەرنى سەفەربەرلىك قىلب، ۋ. ك. پ. (ب) مەركەزقوممىتىنىڭ: «هەر بر فرقا تەشكيلاتىنىڭ ۋەزيفەسى بوتون فرقا ماعارىفى شاخابچالارىنىڭ ئىشى؛ بولشېويكلىك پوختالىغىنى كوچەيتەرىشكە يونەلترىش، نەزەرى بىلىم دەرەجەسىنى كوتەرىش، ئۆرگەنوچىلەرنى ئوپپورتونىزم وە ئونىڭ هەممە ئىسكى وە يەڭگى روى بېرشلەرى بىلەن قزغىن كۆرەش ئۈچۈن تايارلاش» ديگەن ديرېكتىفىنى قاتعى يەجەريەك.

Xьtaj dьjqanlar qozqalanь alavь ortasьda

Bajlarnьn jerləri musadara qьlьnajatьr

ŞANXAJ, 19 əprel. Xьtajda kecəjməkdə bolqan ьnqьlaвь hərəkət matвu,atnь çydə tinc-sizlətədi. „Şanxaj Hymen Şe-вau" gəzitəsi jazadь: „Hyвəj vьlajatьnьn hər xьl yjəzlərini вən-ditizimdən çydə zərər kərib tu-rundьr (Dьjqanlar' hərəkətini maqsad qьlьв aladь). Məhəlli əskərlər qьzьl əskərlərgə dyryst qarşьlьq qьlmajdьlar.

Jaqьnda [illegible] Sezenj-an şəhərini qolqa tyşyrdi. Ьtь-вarь kəttə jer egələri atьlьв 200 təsi əsir alьndь· Qoşnь şəhərlərdə vəhimə başlandь.

Gəzitələrnin xaвarlarьqa qa-raqanda kəmmynistlər Gəandon vьlajatьdaqь Nansunzьjan şəhərini alqanlar. Şəhər və qьş-laqlarnьn вajlarь əməldərlər вi-lən вirgə qacdьlar. Matвu'at Xenan yjəzləridə kəmmynistlər tamanьdan rəhвərlik qьlьna tur-qan dьjqanlar qozqalanьnьn kecəjgənini xaвar вerədi. Tajьn-sьzan darjasьda вə'zi portlarda qьzьl вajraqlar kətərilgən.

Xanqav gəzitələrinin xaвarьqa qaraqanda, lans Xuanan yjəz-lərida (Hyвəjnin şarqь şьmalь-da) şoralar hykyməti quruldqan. Jerlərnin həmməsi musadara qь-lьnьв dьjqanlarqa taqsьmlanьв berildi.

Gəzitələr Cansan rajonьda Ceszan və Sezansi Vьlajatьnьn cegərələridə 5 min kəmmynist tamanьdan вir qatar şəhərlərnin alqanlarьnь jazadьlar. Kəmmy-nistlər hərəkətini вasьş ycun hy-kymət əskərləri Xanqavda Hy-вəj vьlajatьnьn şarqь şьmalь-daqь Xuajxьnь rajonьqa çynə-dilər.

ŞARQ MƏMLƏKƏTLƏRIDƏ

Əngilijə—Mьsьr myzəkərələri keciktirildi

Keciktirilişnin səвəвi—Sydan məs'ələsi ystidə kelişə almasьqdьr

LONDON, 19 əprel. Umym palatada Hindirsən Mьsьr və-killəri вilən palata tarqalьşqaca tygəl rəvişdə kelyşyvgə ojlaqan вolsa həm, вə'zi myhim madda-lar toqrьsьda qьjьnlьq cьqqan-dan myzəkərələrnin tə'til tygə-lişigə qadar keciktirilgənini вel-dirədi.

Londonda вolьв turqan Ən-gilijə—Mьsьr myzəkərəsinin ke-ciktirilişi munasaвatь вilən kan-servator gəzitəsi „Dəjli Mejil", Hindirsənnin Mьsьr vəkillərigə ultьmatum tapsьrqanьnь jazadь. Ultumatumda Əngilijə hykymə-tinin soŋqь səzinin əjtkəni və вundan kejin myzəkərələrdə jan вerə almajaçaqь kərsətilədi. Sydannь ьdara qьlьş ystidə Ən-gilijə вilən Mьsьr ortasьda asa-sь ьxtьlaf cьqdь. Vaььdcьlar (Mьsьr millətciləri) Sudannьn Əngilijə вilən Mьsьr arasьda вirləşiв ьdara qьlьşnь tələв qь-ladьlar. Əngilijə esə Sudannьn kentrəlsiz xoçalьq qьlьşьnь tə-ləв qьladь.

Mərəkəşdə Frənsijə əskərigə hyçym

PARЬZ,19 əprel.Havas telegraf ə-gentligininŋ xaвarьqa qaraqan-da, Mərəkəşdə jerlilər frənsyz əskərlərigə hyçym qьlqanlar. Qozqalan вasьldь. Frənsijə əs-kərləri Çьc qьşlaqьda jerli xalq-nь quralsьzlantьrdьlar. Qozqa-lancьlar вir talaj əlik qaldьrьв kejingə tysləndilər. Frənsijə əs-kərləridən 3 tə kişi əliв, 12 tə kişi jaralandь. Ularnьn həmmə-si jerklərdir. Bittə Frənsez aj-roplancьsь jaralandь.

Quddusda kəmmynistlər aclьq ь'lan qьldьlar

BERLIN, 19 əprel. Quddus-dan вerilgən xaвarqa qaraqan-da, tərmədə aclьqdan əlgən kəmmynistlərni dəfin qьlьв ca-qьda pəlisə вilən dəfingə işti-rak qьlqanlar arasьda toquşma cьqdь. 20 kişi qolqa alьndь. Quddus tərməsidə qamaqda вol-qan вarca kəmmynistlər nara-zьlьq qьlьв aclьq ь'lan qьldь-lar.

Avropalьlarqa hyçym

LONDON, 18 əprel. Rəjternin Kəlkəttədən вergən xaвarьqa-qaraqanda, Kəlkəttənin çənyв tamanь kecələridən yjlərigə çajtьв вaraturqan avropalьlar hyçymgə ucraqanlar. Avropa-lьlarqa taş atьв вaşlaqan. 9 tə avropalь kəsəlxanaqa juвarьldь. Bularnьn 22 təsi qattьq jərələn-di. Pəlisə 20 tə kişini qolqa aldь. Bularnьn 9 təsi yjlərnin tamlarьdan yşiləngəndə janlarь-dan qьştlar tapьldь. Qolqa alьş-lardan kejin xalq tədəsi kəsəl-xanaqa hyçym qьlqan вolsa həm qajtarьldь.

15-nci əpreldə Kəlkəttədə вolqan toquşma caqьda 50 tə-dən aşьq kişi jərələndi. Bular-nьn arasьda 15 tə pəlisə və 11 tə ot səndiryvci вar.

5 kilemetrə qaldь

ALMATA, 19 əprel. Tyrk-siвnin şьmal və çənyвii ycəst-kələrinin qoşьlьşь ycyn 5 ke-ləmetrə masafa qaldь.

„Ykrəjinəni azad qьlьş sajuzь" a'zalarь ystidən hykym

Sod вaş əjiвdarlərni atmaslьqqa imkanijət tapdь

x a r k i f, 20 əprel. jarьm kecədə ykrəjinə alь sodь „ykrəjinəni azad qьlьş sajuzь" işi вojьnca hykym cьqardь.

hykym qozqalan və taşqarьdan hyçym qьlьş вilən şoralar hykymətini aqdarьşnь maqsad qьlьв alqan taşkilatnьn əksil ьnqьlaвcьlьq mahьjatьnь ьsвat qьladь.

„ykrəjinəni azad qьlьş sajuzь" rəhвərləri jefremyf, nekovski vьladьmer cexuvskii. dyrdykəvskii və ykrəjinə jaşlarьnьn rəhвəri pavlyşkəv lərni sod favqul'addə ьçtьmaь xavuflь вolqanlarьnь tə'kidləjdi. вьraq, ularnьn tygəl rəvişdə təvвə qьlьşlarь və ozlərinin əksil ьnqьlaвcьlьq faalьjatlarьnьn qaralaqanlarьnь ь'tьвarqa alьв sod ular toqrьsьda atьş hykymini əməlgə qojmaslьqqa imkanijət tapdь.

sergej jefrimyf nekovskii və vьladьmer cexovskii nin hər вirisi 10 jьldan qamaqqa və 5 jьllьq xuquqdan maxrum qьlьşqa hykym qьlьndь. pavluşkef 10 jьllьq qamaqqa və 3 jьllьq xuquqdan maxrum, qьlьşqa, dyrdykəvskii, çansuf, xaladnь, kaвar, edəvenkə və padgəvetskii. nin hər вirisi 8 jьllьq qamaqqa və 3 jьllьq xuquqdan maxrtym qьlьndь. вliznyk, sləвcenko və ivənitsə 6 jьllьq qamaq və 3 jьllьq xuquqdan maxrym qьlьndь. germəjze, gərвeniski, atamanəvskii, cernaxvskii, zəlitskii, valaşkəvec, вələzev, dəvgyş və petir jefremyf 5 jьldan qamaq, 3 jьldan xyquqdan maxrum qьlьndь. stərətskəjə-cernəxovskəjə 5 jьllьq qamaq və 3 jьllьq xuquqdan maxrum qьlьndь. mərgyliz, dəвrəvskii və taras sləвcenkə, вytvenəvskii və nekələj cexəvskii 3 jьldan qamaqqa hykym qьlьndь. trezvənskii, tekərəvskəjə, şilə, evcenko, krəvenyk, turkalu, kedretskii, вednof və logon 3 jьllьq şərtli qamaqqa və dəgy, dryşkəvic, şarkə, вelij, şedatьjef, karpovec, və pancenkə ykrəjinə topraqьdan 3 jьl mylçəli вilən syrgyn qьlьnadь.

hykym qьlьnqanlarnьn həmməsi məhkəm qamaqda вoladь. şərtli rəvişdə hykym qьlьnqanlar şunda-naq вoşatьldьlar.

hykym qat'ьь вolьв şikajət qьlьnmajdь.

Şora-germənijə savda munasaвatьqa təhdid

Jəni вaç qajьdasь SSSR nin mənfəətigə zərər вerədi

BERLIN, 19 əprel. Germənijəgə kergiziləturqan вə'zi вir xьl mallarqa вaç (gəmryg) nьn art-dьrьlьşьnь şarьhlaв SSSR nin Berlin savda vakalatxanasьnьn fikir tarqatqucьsь jazadь:

„Germənijənin xoçalьq saxasьdaqь sьjasatьnьn soŋqь fəkt-ləri Germənijə вilən SSSP ara-sьda xoçalьq munasaвatьnьn kenəjişini xavuf astьda qaldьra-dь. Germənijənin jəni caralarь Şora-Germəniiə ьqtьsadь kelişi-migə toqrь kelməjdi. Jənidən əməlgə qojьlaturqan вaçnь artdьrьşlarnьn kəpincəsi şora-larnьn Germənijəgə mal kirgi-zişkə zərвə вolьв tyşədi. Şora-larnьn Germənijəgə kergizətur-qan вarca mallarь вaç artdьrьş-dan zərər kərədi".

Şunьn вilən вərəвər savda və-kalatxanasьnьn fikir tarqatucьsь xoçalьq jьlьnьn вirinci jarьmь-da Şora-Germənijə savda mu'-amalasьnьn jəkynini kərsətədi. Şu mylçəl arasьda 263 meljon somlьq mu'amala qьlьnqan. Bu вulturnьn вirinci jarьmьqa qa-raqanda 10 prəsənt aşьq вola-dь. Bu arada Germənijədə mal alьşu maвlaqь 37 prəsənt aşdь. Şoralarnьn Germənijəgə mal cьqarьşь вir jarьm jьlda 155 meljon somqa jetiв 3 meljon som azajdь. Bu ərada esə şo-ralar hykymətininin Gьtmənijə-dəgi вujurtmalarьnьn mьqdarь aj sajьn artьв turdь. Şoralarnьn Germənijəgə mal cьqarьş maв-laqь esə azaja вaşladь. Martda esə вalans şoralar ьttьfaqь ycyn passьfnь вoldь.

Vəkalətxana fikir taqatucьsь dejdi. Şora xoçalьq şarajьtьnь вilycilərnin həmməsigə mə'lym-dir, kii Germənijəgə mal cьqa-rьşnьn jyksəjməsligi Germənijə-də şora вujurtmalarьnьn kəpəji-şigə jardam qьlmajaçaq".

150 milijən somlьq вaqь manda

Şora əppərətini tazalaş dəstləвki jəkynləri

MƏSKƏV, 18 əprel. Işci dьj-qan nəzarəti xalq kəmisərligi aldьda şora əppərətlərini taza-laş kəmisijələri rəjisilərinin вy-tyn ьttьfaq kenəşi acьldь. Şora əppərətini tazalaş dəstləвki jə-kynləri və vəzifələri toqrьsьda Reters mə'ryzə qьldь.

Mə'ryzəci вytyn ьttьfaqda ta-zalaş ycyn on minlərcə işcilər-nin tartьlqanlarьnь вildirdi. Ta-zalaş caqьda xalq malьja kə-misərligidən tartьв вarca qujь malьja ьdaralarьqaca вarca ma-lьja ьdaralarnьn jaman halda вolqanlarь anьqlaşdь. SSSR xalq malьja kəmisərliginin ta-zalaş caqьda 150 milijən som вaqь manda qalqanь anьqlan-qanda, вu kəmisərliknin məs'yl rəhвərləri вundaj kəp mьqdar вaqьmandanьn xususьь kişilər-gə kəprək salьq nətiçəsidə pəj-da вolqanьnь вildirdilər. Hal-вukii hazьrqь vaqtda kəp çaj-larda xususьь kişilərgə tegişli dərəçədə azraq salьq salьnqanь anьqlandь.

2—2 jarьm aj icidə sentirsa-joz, jollar xalq kəmisərligi və xalq xoçalьqь alь şorasь ta-zalanaçaq.

Tazalaş nətiçəsidə əppərət ja-ramas və zərərli unsurlardan qutьlaçaq, orta hьsaв вilən ьda-ralarda 10 prəsənt və qujь şora əppərətidə 12—15 prəsənt kişi tazalandь.

Həmmə çajlarda dejərlik ta-zalaş nətiçəsidə əppərət ixcəm-ləşdi. SSSR xalq malьja kəmi-sərliginin əppərəti 18 prəsənt, Məskəv malьja вəlimi —50 prə-sənt, oral jer ьdarasь—60 prə-sənt qьsqartьldь. Tazalaş вilən вərəvər вir talaj işcilər şora əp-pərətigə pəstdən juqarьlaştьrь-lьв qojьldьlar. Hazьrda pəst-dən juqarьlaş jolь вilən tazalaş nətiçəsini mystəhkəmləş çydə myhim vəzifə sanaladь. Ularnь işkə tajjarlaş zəryr. Zavod və fəвrikələr əzlərinin pəstdən ju-qarьlaşqanlarь вilən dajьmь alaqada вolsьnlar.

گەزيتە باشقارماسيدان

س. س. س. ر. حوكومەتى بىلەن ئەنگلىيە حوكومەتى ئورتاسىدا ئوزلگەن موافقات ساودا كيلىشمى كېچە مەسكەۋدەن تەلگراف ئارقالى ئاللىغان بولسا هەم تەخنىكى سەبەبلەر بىلەن گەزيتەمزنىڭ بوكونگى سانىغا ئولگورمەدك. ئېرتەنگى ساندا باسىلادى.

SOSЬJAL QURЬLЬŞ MAJDANЬDA

Oral zavudь Marten sexinin muvaffaqьjatь.—Dejatkəvskii zavudь „qьzьl taxta"qa kəndidətə.—5 jьllьqьnьn 3-nci jьlьda „Krəsni Putelyvis" zavudьda hər jьlda 25 mindən trəktir sьqarьlaçaq.—Jəni metal zavudь işgə kirişdi.

Ykrəjnə taşkəmir sanaatь kejində qala jatьr

XARKIF, 19 əprel. Ykrəjnə ŽŞÇ xalq xoça-lьqь alь şorasьnьn ma'lumatьqa qaraqanda, jьlьnьn вirinci jarьmьda taşkəmir sanaat işləв sьqarьş pirəgrəmməsini 36,5 prəsənt, Çənəвi kanlar,—109,7 prəsənt, kimja sanaatь 95,5 prə-sənt вəçərdi. Jьlьnьn вirinci jarьmьda Ukrəjnə sanaatьnьn həmməsidə işləj turqan iscilərnin mьqdarь 586,016 tə kişi edi.

Bir jьldь 25 mintə tirəktir

LENINGIRAD, 19 əprel. Keləçək muamala jьlьda „Kirasni Pytilovets" zavudьnьn kenəjiş рьlanь tyzildi. Beş jьllьqnьn ycynci jьlьda ha-zьrqь 10 min ornьqa jьlьda 25 mintədən trək-tir sьqarьlacaq.

Jəni metal zavudь

MARЬUPOL, 19 əprel. Kyjвeşef ismidəgi jə-ni kəttə metal zavudь işgə kirişdi. Zavud вir jьlda 100 tonna qumr сьqaracaq. Işnin вirinci kynidə dəstkahlər jaxşь işlədi.

Qьzьl taxtaqa kandidat

ВЬRJANISKI, 19 əprel. Dьjatkavьski şьşə (вo-lar) zavudь qьzьl taxtaqa kandidat вoldь. Za-vudьnьn zarьвdarlarь mehnət ynymini 145 prə-sənt kətərdilər. Tajn narx 20 prəsəntkəcə azaj-dь. Zavud jarьm jьlda 500 min som fajda qьl-dь. Bu zavud вultur trestnin həmmə zavudlarь-dan en jamanь вolьв вirinci jarьm jьlda 100 min som zərər qьlqan edi.

Kəttə muvaffaqьjat

SEVERDLƏBSKI, 19 əprel. Birinci oral za-vudьnьn uzuncadudur jasaş marten sexi jarьm jьlda kəttə muvaffaqьjat kərdi. Işləв sьqarьş pirəgrəmməsi 112 prəsənt вəçərildi.

Osenstirej вьnakarligidə

MINSKI, 19 əprel. Osenstrejgə Germənijə, şevetsijə, Amrьqa və Belgijədən asвaвlarь kel-di, Viteвiski, orşa və Dyвravnada məjdə istən-sələr qurьş işi teqətildi. Jaqьnda vaqtьnca ilik-tir istənsə Dənejryvski manyfaktərasьqa tək вerdi. Ьsenstrəj əz məlçəlidə jasalacaq. Вьla-rosьja ЬŞÇ nin Ьstalin ismidəgi вirinci rajon-istənsəsi 1930-nci jьlьnьn avqust—əktəвiridə iş-gə kirişədi.

Kəlxozlarqa qajtьв kirə jətьrlar

SEVERDLUVSKI, 19 əprel. Kəlxozlarqa qo-lajlьq вeriş toqrьsьda VKP(в) nin tyşyntirişi və Ьstalen maqalasьdan kejin, kəlxozlarqa qaj-tьв kelişlər kəpəjdi. Vьlajatda kəlxozlarqa qaj-tьşlar qujьdaqьdaj nətiçə вerdi: 20-nci martda Oralьnь həmmə çajьda 3731 tə kəlxoz вolsa, 1-nci əpreldə 4 mintə və 10-nci əpreldə 4566 təgə jetiв vьlajatdaqь вarca xoçalьqlarnьn 36,5 prəsəntigə сьqdь.

PAKROVISKI, 19 əprel. Soŋqь kynlərdə nemis çymhyrijətidə 3489 tə xoçalьq kəlxoz-larqa kirdi. Bir qatar kəlxozlar ekin рьlanь artьqь вilən вəçəredilər. Ləвьntan kəlxozь ekin dьlanь 41 prəsənt, Bataref kəlxzь 30 prəsənt və haseneŕkə kəlxozь 10 prəsənt artь-qьвilən вəçərədi.

ЬNQЬLABЬЬ NƏZƏRIJƏSIZ, ЬNQЬLABЬ HƏRƏKƏTNЬꞐ BOLЬŞЬ MYMKIN EMƏS

„Əməli işcilərnьꞑ nəzərijədən qol siltəşgə ymtylişləri, Leninizimniꞑ bytyn ruhьƣa qarşьlьq qьladь Və iş ycyn kəttə həvflər tuƣdьradь", (ьstalьn)

«ئوزینینگ تولا حەرەکەتینی نەزەری جەهەتدەن یاریتیشدان چیتدە بولغان تار عەمەلییەچیلیک حەرەکەتنی یالغان یولغا بوروب یوباریش بیلەن قورقیتادی»

„Aldьnqь kyrəşci rolьnь faqat aldьnqь nəzərijə bilən rəhbərlik qьlaturqanpartьjaqьna bəçərə aladь"
(lenin)

مارکس-لېنین نەزەرییەسیگە تېگیشلی دەرەجەدە باها بیرمەسلیککە قارشی کورەشەیک

«ئینقیلابی نەزەرییەسیز ئینقیلابی حەرەکەت هەم بولمایدی»...

(لېنین)

ۋلادیمیر ئیلیچ بو سوزنی کەپ‌یرب برنیچە مەرتە تەکرارلەگەن ئیدی. چونکی بیزنینگ فرقامیز سوسیالیزم ئوچون کورەشمەکدە بولغان پرەلیتەرییەتنینگ ئیلغارسی بولیب وە بو کورەش جودە قییین بەینەلمیلەل وە ئیچکی ئاحوال شارائیتیدا داۋام قیلادی. فرقامیزنینگ بو رولینی ۋلادیمیر ئیلیچ ئالدیندان بیلیب 1902 نچی ییلدا فرقانینگ ئیپسیگە توشوردیگی «فاقات ئیلگەریدە تورغان نەزەرییە بیلەن رەهبەرلیک قیلاتورغان فرقا، ئیلگەریدە تورغان کورەشچینینگ رولینی بەجەرە ئالاجاق» (5 جیلد، 136 بیت) پرەلیتەرییەتنینگ کورەشیدە رەهبەرلیک قیلیشدا فرقامیزنینگ بوندای ئایرم حالدا بولیشی حازرغی ۋاقتدا ئوز کوچینی ساقلاب کەلەیاتر. مەنە شونینگ ئوچون ۋلادیمیر ئیلیچ تامامیندان ئیشکە توشیریلگەن ئینقیلابی نەزەرییە مەسئەلەسینینگ قوییلیشی ئوزینینگ بارچا ئەهەممیەتینی ساقلاشی لازم.

مارکسیزمنینگ ئینقیلابی نەزەرییەسی بیلەن رەهبەرلیک قیلاتورغان بالشیۋیزم ئیپک ئەۋۋەل «وە ئاینیقسا ئوپپورتونیزمغا قارشی» کورەشیب ئوسدی وە کورەشدە ئوزینی پوختالادی. بو ئوپپورتونیزم «1914 نچی ییلدا قاتعی رەۋشدە سوسیال شاۋینیزمغا ئایلەنیب، قاتعی رەۋشدە پرەلیتەرییەتکە قارشی توروب بورجوئازیا تەرەفیگە ئوتدی». (لېنین 17 جیلد، 2 قیسم) بالشیۋیزمنینگ ئیپسیپهرلەر فرقاسی تامانیدان ئو ئاچیق بیلدیریلگەن مەیدە بورجوئازیا «ئینقلابچیلیغی» دیک تاغین باشقا بر دوشمەنی بار ئیدی، بالشیۋیزم شو دوشمەنلەر بیلەن کورەشنی داۋام قیلدیرب، ئینقیلابی پرەلیتەرییەت باشیدا توروب ئوکتەبرگە ئیریشدی. بالشیۋیزم پرەلیتەرییەت دیکتاتوراسی مەملەکەتیدە یولباشچی فرقادر. بالشیۋیزم مارکسیزم نەزەرییەسینینگ مەحکەم زەمینیگە تایانیب بو غالاباغا یەتیشدی. «بونینگ وە فاقات شو ئینقیلابی نەزەرییەنینگ توغریلیغینی فاقات بر 19 نچی عەسرنینگ بوتون دونیا تەجرییبەلەری ئیمەس وە ئاینیقسا روسییەدە ئینقیلابی فکرلەرنینگ یولدان ئازیشی، ئیکیلەنیشلەری وە خاتالار تەجریبەلەری کورسەتدی» (لېنین 17 ج. 2 قیسم، 119 بیت) مارکسیزم وە لېنینیزم ئینقیلابی نەزەرییەسینینگ ماهییاتی شوندادرکی ئو ئینقیلابی پرەلیتەرییەتنینگ ئیکسپلوئاتاتورلار سینفی - بورجوئازیاغا قارشی ئینقیلابی کورەشینینگ یولینی رەۋشەنلەیدی وە ئو - بو کورەشە غایەنی - ئیشچیلەر سینفینینگ غالاباسینی بەلگیلەیدی. چونکی کەپیتەلیزمنینگ بوتون تاراققییاتی کەپیتەلیزم جەمەعییەتینینگ هەلاک بولیب سوسیالیزمنینگ غالاباسیغا ئالیب بارادی. مەنە شونینگ ئوچون مارکسیزم - لېنینیزم نەزەرییەسی ئیشچیلەرنی کەپیتەلنینگ هەر خیل هوجوملارینی قایتارشدا، قاتتیق ماغلوبییاتلار چاغیدا ئوزینینگ غالاباسیغا ئومیدسیز قاراماسلیققا یاردام بیرەدی، ئو هەر تورلی ماغلوبییاتلاردان کیین، ئوزینینگ ئامانسیز دوشمەنی کەپیتال بیلەن کورەشنی توزوش وە داۋام قیلدیرشغا کومەکلەشەدی.

مەنە شونینگ ئوچون مارکسیزم - لېنینیزم ئینقیلابی نەزەرییەسیدەن هەر بر چیکینیش مارکسیزم پرینسیپلەریدەن چیکینیشدر ئیشچیلەر سینفینینگ جینایاتچیسیغا ئایلەنیشدر. سوسیال دیموکراتلار شوندای حادیسەلارغا ئوچرەدیلەر وە بیزنینگ سوسیال رەۋولیوسیونیرلاریمیز هەم شونغا باردیلار.

ۋلادیمیر ئیلیچ باشدا تورغان حالدا وە ئونینگ ئولومیدەن کیین بیزنینگ فرقامیز، ئیلیچنینگ بارچا وەسییەتلەرینی مەحکەم ساقلاغان حالدا ئوز ئیچیدە گروهلەر وە فرەکسییەلەری بار ئیدی. بوندای فرەکسییە وە توپلار توزیلیب وە یاکی توزیشگە حەرەکەت قیلینیب مارکسیزم - لېنینیزم نەزەرییەسیدەن قایتا باشلاندی. بو ئیسە کەپیتەلیزم قامالی شارائیتیدا تەشکیلی پرینسیپلەر وە سوسیالیزم قورشدا فرقانینگ تەکتیکەسی وە سیاساتیدا فرقادان ئایرلیش دیگەن مانادر. بوندای مەسئەلەلەرنینگ هەر بیریسیدە فرقادان ئایرلیش، ئوزینینگ مەرکەزقومی، یەچیکە وە ئینتیزاملاری بیلەن برگە ئیکینچی غایری لېنین فرقاسی توزوش بولادی. تروتسکی ئەپپوزیتسیەسی وە بورادەر کومفرقالار (گیرمانیا وە باشقالار) ئەپپوزیتسیەسی شوندای حالغا قالدی.

مەنە بوندان فرقانینگ مەحکەم برلیگی ئوچون ئینقیلابی نەزەرییەنینگ ئەهەممیەتی ئاچیق مەعلوم بولادی. شونینگ ئوچون مارکسیزم - لېنینیزم نەزەرییەسیدەن چیتگە چیقاتورغانلار توغریسیدا کومینتیرن وە ۋ. ک. پ. (ب) تامانیدان کورلگەن چارالار شوبهەسیز توغریدر.

بیز، مەملەکەتیمیزدە سوسیالیزم قوریلیشینینگ دەهشەت سورعەتلەر بیلەن کوتەریلیب تورغانینی کورەمیز وە شونینگ بیلەن برەۋەر بو قوریلیش چاغیدا بیز مارکسیزم - لېنینیزم نەزەرییەسی مەسئەلەلەریگە دوچ کیلەمیز.

فرقا یاپپاسیغا کوللیکتیفلەشتیروش وە شو موناسابات بیلەن موشتومزورلارنینگ سینف بولیب یاشاشینی توگەتیش یولینی ئالدی. پرەلیتەرییەت ئینقیلابی بیزنینگ مەملەکەتیمیزدە بولغان سوگغی ئیکسپلوئاتاتور سینفنی یوقاتیش داۋریدا تورادی.

شو موناسابات بیلەن سینفی کورەش زەعیفلەنمەی بەلکی زورایادی وە دوشمەن تاغین حایاسیزلاشادی. ئو، سوسیالیزم قوریلیشیغا توسقون بولیش ئوچون هەر خیل تەدبیرلەر ئیزلەیدی. بو سینفدەن چقانلار یاهود ئولار بیلەن بر تورلی عالاقادا بولیب فرقامیز سەفیدە بولغانلار شاشیب قالاب واهیمەگە توشیب ئالدرلار وە هەر خیل نیقابلار ئاستیدا مارکسیزم-لېنینیزم بیلەن هیچ بر عالاقاسی بولماغان ئوڭ ئوپپورتونیست وە یاکی «سول» نەزەرییەلەرنی ئورتاغا قویادرلار.

مەنە شونینگ ئوچون بو عەمەلی ئیشیمیزنینگ ئینقیلابی نەزەرییە بیلەن ئایدینلاشتیریلیشی لازم.

«ماعلومدرکی نەزەرییە، حاقیقی نەزەرییە بولسا تەجرییبەلەرگە توشینە ئالیش، کیلەجەکنی ئایدینلاشدیرش، ئیشگە ئیشانچ بیلەن قاراش وە ئوز ئیشیمیزنینگ غالاباسیغا ئیشانچ بیرەدی. بولارنینگ هەممەسی بیزنینگ ئیجتماعی قوریلیشیمیز ئوچون بیویک ئەهەممیەتی بار وە بولماسلیغی مومکن ئیمەس» (ئیستالین س.س.س.ر. وە ئەگرار سیاساتی مەسئەلەسی توغریسیدا).

کوللیکتیفلەشتیرشنینگ بارشی چاغیدا، لېنینیزم نەزەرییەسینی دوروست توشینمەسلیک وە ئیعتیبارقیلماسلقلار ئارقاسیدا مەحەللەلەردە بەعزی بر خاتالارغا یول بیریلدی. خاتانینگ ئیلدیزی، ئورتا حاللار توغریسیدا ئیدی. حالبوکی بونی ئیلیچ بر نیچە مەرتە تەکرار ئیسکە توشیریب ئوتکەن ئیدی. دیمەک، لېنینیزمنینگ بو نەزەرییەسی عەمەلگە قوییش چاغیدا بوزیلدی یاکی توغریسینی ئیتکەندە، ئایریم ئیشچیلەر دوروست توشینمەدی. بو ئاحوال یەنە شونینگ بیلەن ئیسباتلانادرکی خاتالار توزەتیشنینگ باشیدا یەگی خاتالارغا یول بیریلدی. ئورتا حاللار توغریسیدا وە گولخوزلاردا قالغانلارنی موستەحکەملەش توغریسیداغی خاتالارنی توزەتیش ئورنیغا کوللیکتیفلەشدەن «چیکینیش» دیب قارالدی. بولارنینگ هەممەسی عەمەلی ئیشلەردە لېنینیزمنینگ یاخشی ئاڭلانماسلیغیدان کیلدی.

مارکسیزم-لېنینیزم نەزەرییەسینی ئورگەنیش ئوچون تېگیشلی دەرەجەدە ئەهەممیەت بیریلمەیدی. فرقانینگ بو توغریداغی دیرکتیفلەری ییلدان-ییل بەجەریلمەی قالا بارادی. حالبوکی ئونینگ ئەهەممیەتی جودە ئانقدر وە بو ئەهەممیەت هەر بر قادام قوییشیمیز بیلەن تاغین ئارتاجاق. مەنە شونینگ ئوچون بیز بو ئیشگە ۋلادیمیر ئیلیچ دیک ئەهەممیەت بیریشنی لازم حسابلایمیز.

ئا. لوشنیکوف.

فرقا کیگەشیدە

فرقا کیگەشی یاپیلدی

گیگەش، کیلگوسی ئیشلەر حاقیدا عەمەلی یوللار قالدردی

کیگەشینینگ سوگغی مەجلیسیدە مەدەنی ئیشلەر وە برلەشکەن پلان هەم معاریف ئەپپەراتینی قایتادان توزوش مەسئەلەلەری بوینچا مەعروزە وە موزاکەرەلەر داۋام ئیتدی. ناتقلار، سوزلاریدا قوییدەغی ئاساسی مامینتلارغا توختاب ئوتدیلار.

حازرغی قورولیشیمیز مەدەنی-معاریف جەبهەسیدە کوبکینە ئیشلەرنی قیلیشیمیزنی تەلەب قیلادی. شونغا کورە بوتون تەربییە وە مەدەنی موئەسسەسەلەریمیزنی مەعلوم پلان ئاستیغا ئالیب، مەدەنی، معاریف ئیشلەرینی شو ئوسولدە ئالیب بارشیمیز لازم.

حازرغی فورسەتدە، معاریف ئیشلەرینی قایتادان قوروش، ئونینگ ئاپپاراتیغا کیپ محنەتکەشلەرنی تارتیش کەبی ۋەزیفەلەر ئورتا ئیکەن، بیزنینگ ئالدیمیزغا یەگی مایالار یەتیشدریش مەسئەلەسینی کوندەلەک قویادی. چونکی، معاریف ئیشلەریدە ئیشچەن، ئیستعدادلی وە مەدەنی-معاریف باراسیدا بارچا تەلەبگە جاۋاب بیرەرلیک ئیشچیلەر بیلەن تەعمینلەنسەک، بارچا ئیشلەریمیزنی موۋافاقییاتلی رەۋشدە بەجەرە ئالاجاقمیز. بو بیردە شونی هەم ئەیتیب ئوتیش لازمکی، پەستکی دایرەلاردا فرقا، شورا ئیدارالاری تامانیدان معاریف ئیشلەریگە یەتەرلی رەهبەرلیک قیلینمایدیلار وە ئونغا زور ئەهەممیەت بیرمەیدیلەر. بونینگ ئوستیگە، معاریف ئیشچیلەریگە موتلاقا ئیستعدادی یوق، قابلیتسیز کیشیلەرنی تەعیینلەب یوبارادیلار-دا، ئولار ئوستیدەن رەهبەرلیکنی وە کەنترولنی کوچەیتیرش مەسئەلەسیگە دیققات قیلمایدیلار. معاریف ئیشلەریدە تەجرییبەلیک بولیب کیلەیاتکەن ئیشچیلەرنی باشقا ئیشلەرگە ئالیب قویادیلار. مەنە بولارنینگ نەتیجەسیدە مەحەللەلەردە معاریف ئیشلەری ئاقساب کیلەدی. بوندان کیین بوندای مەنزەرەلەرگە قاتعیان خاتمە بیریب، معاریف ئەپپەراتلەرینی ئیشچەن، کومموونیست ئیشچیلەر بیلەن تەعمینلەشگە زور دیققات قیلیشیمیز لازم.

ئوقوتوچیلار مەسئەلەسیگە کیلگەندە، شونی دیمەک مومکینکی شەهەر وە ئورتا مەکتەبلەردەگی ئوقوتوچیلار هەیئەتی قانقارلق ئیمەس، ئولار ئورتاسیدا فرقا وە کومسومول ئاعزالاری جودە هەم ئاز دەرەجەدە. بونینگ ئوستیگە ئولار حازرغی سیاسی ئاحوال بیلەن قیزیقمایدیلار بەعزی جایلاردا قیگفر مەفکورە تارقاتیش، بالالارنینگ ساغلام میمەلەرینی زەهەرلەش کەبی حاللار هەم یوق ئیمەس. جوملەدەن، ئنجنکوم، بیلم ئویلەریدە بعزن عەکسل ئینقلابی جاۋابلارنینگ بولیشی، ماخفی تەشکیلاتلارنینگ تاپیلیشی، ممللەتچیلیک شونیکدیک باراماسلقلارغا بعزی مەکتەب ئوقوتوچیلارینینگ هەم ئیشتیراک ئیتیشلەری (بو واقعەلارنی یاقن فورسەتلەردە ئ. ئوزبیکستان گەزیتەسی یەتەرلی دەرەجەدە رەۋشەنلەشدیرب بیردی) وە باشقالار.

مەنە بو حاللار، ئوقوتوچیلار هەیئەتینی تازالاش، تیخنیکوم وە بیلم ئویلەریدە تەربییەۋی ئیشلەرنی بوندان هەم کوچەیتیرشنی تەلەب قیلادی.

معاریف ئیشلەرینی قایتادان قوروش بیلەن برگە، سانایع نەفیسە ئیشلەرینی هەم کوچەیتیرش باراسیدا بیزدەن زور ماهارات کورسەتیش تاقازا ئیتمەلەیدی.

موزاکەرەچیلەر-بو ساحادا سخیمادا ئانق وە کونکریت چارالار کورسەتمەگەنینی قایت قیلیب ئوتدیلار.

بیزنینگ سوسیالیزم قورولیشی باراسیداغی بارچا چارا وە تەدبیرلەریمیزگە بوتون کیپ محنەتکەش عامماسینی ئیشتیراکی زەرور. شو جوملەدەن، ئوزبیکستاندا یاشاۋچی مەیدە مللەتلەر ئاراسیدا هەم مەدەنی - معاریف ئیشلەرینی ئالیب بارشداغی قویولغان چارالار قانیقارلق ئیمەس. نیگەکی، ئوزبیکستاندا 350 مڭ تاجیک، 100 مڭ قرغیز، 60 مڭ قازاق، 50 مڭ یەهودی وە ئویغورلار بولیب، بولار ئورتاسیدا مەدەنی، ئاقارتیش ئیشلەرینی تارقاتوچی قیزیل چایخانا، قلوب، قرائاتخانالار یوق. بعزی جایلاردا بولسا هەم یاخشی رەۋشدە یولغا قوییلماغان. بونغا مەحەللی تەشکیلاتلار زور ئەهەممیەت بیرمەیدیلەر. شونینگ ئوچون ئوزبیکستاندا موجود بولغان مەیدە مللەتلەر ئاراسیدە ئالفبیلیم ئیشلەرینی کینگ سوۋرەتدە یولغا قوییب، ئولاردان مەدەنی، معاریف ئیشلەریگە یەگی مایالار یەتیشدرشگە عالاحدە ئەهەممیەت بیریش دەرکار.

کولخوز، سافخوزچیلار ئاراسیدا مەدەنی-ئالف-بیلم ئیشلەری بیزنی قانقتیرالمایدی. شونغا کورە کیلگوسیدە بونغا هەم زور دیققات قیلیش لازم.

بولاردان تاشقاری، ناتقلار ئوز سوزلاریدا، بالالار ئورتاسیداتەربییەۋی ئیشلەرنی بولماقویش، 3-7 یاشداغی بالالارنی ئیسە مەکتەبگەچە تەربییە ئویلەرینگە جەلب قیلیش، مەکتەبلەردە پییونیرلەر حەرەکەتینی کوچەیتیرش، قلوب، قرائاتخانالاردا مەدەنی ئاقارتیش ئیشلەرینی کینگ سوۋرەتدە جاری قیلیش، خاتین-قیزلار ئاراسیداعامما ۋە مەدەنی ئیشلەرنی ئالیب باریش یەنە هەم دیققات قیلیش ۋە باشقا مەسئەلەلەر توغریسیدا توختاب ئوتدیلار.

فرقا کیگەشی ئوزینینگ ئیشینی تامام قیلیب، 18 نچی ئاپریل کیچەقورونی یاپیلدی وە بو کیگەش، قالغان مەسئەلەلەر یوزەسیدەن بر مونچا عەمەلی وە کونکریت چارالارنی قالدردی. ئورال.

Beş jыllьqnьn axrьda 365 mintə aftomaşьnalar

MƏSKƏV, 19 əprel. Bylyn ьttьfaq afto jollar kənferensijəsidə VATO rəjisi Kələgəjof mə'ryzə qьlьв VATO tamanьdan işləngən beş jыllьq вojьnca, beş jыllьqnьn axrьƣaca bizniꞑ zavodlarьmьzdan 365 mintə aftomaşьnalar cьqarьş taxmьnlanqanьnь bildirdi. Bularnьꞑ 280 mintəsi jyk və 85 mintəsi tert kişilik jolcь aftomobeli boladь.

«ئوز یولینی ئینقیلابی نەزەرییە بیلەن یارتمایتورغان عەمەلیئیش کور عەمەلییە بولغاندای ئینقیلابی عەمەلییە بیلەن باغلانماغان نەزەرییە هەم ماعناسز نەزەرییە بولیب قالادی. ئەمما نەزەرییە ئینقیلابی تەجرییبە بیدەن مەحکەم باغلانیب قورولسا، ئو ئیشچیلەر حەرەکەتینینگ ئیڭ بویوک کوچیگە ئیەلەنە ئالادی. چونکی، ئو نە(زەرییە) فاقات ئوگەنە حەرەکەتگە مەحکەم ئیشانچنی، نەزەرییە دایراسیغا کوچنی وە ئیحاتا قیلغان حادسەلارنینگ ئیچکی عالاقاسینی ئاڭلاونی بیرەئالادی. چونکی، ئو فاقات ئوگەنە، سەفەتلەرنینگ حازر قاندای وە قای تامانغا حەرەکەت قیلغانیغینا ئیمەس. بەلکی، ئولار کیلەجەک یاقن دەور ئیچیدە قاندای وە قای تامانغا قاراب حەرەکەت قیلاجاغینی ئاڭلاشغا یاردام بیرەدی. (ئیستالین)

دیهقانلار توغریسیدا لېنین نەزەرییەسی

پرولېتارییات دیکتاتوراسی، ئونی قولغا کرگزش، حاکمییەتنی پرولېتارییات قولیدا ساقلاب قالیش مەسئەلەلەرینی ئیشلەش بیلەن برگە، لېنین، پرولېتارییاتنینگ ئیتتفاقچیسی بولغان دیهقانلار مەسئەلەسینی هەم حەل قیلیشی لازم ئیدی. لېنین بو مەسئەلەنی حەل قیلدی.

«... دیهقان مەسئەلەسی، - دیەدی ئیستالین، - پرولېتارییات دیکتاتوراسی توغریسیداغی عومومی مەسئەلەنینگ بر قیسمی بولیب، لېنینیزمنینگ ئیڭ قیزغین مەسئەلەلەریدەن برینی تەشکیل قیلادی».

ئیشچیلەر سینفی بیلەن دیهقانلار ئورتاسیداغی توغری موناسابات مەسئەلەسی بولغان بو نەرسە، شورالار ئیتتفاقینینگ وە پرولېتارییات ئینقلابینینگ تاقدیری ئوچون قانچالیق قاتعی ئەهەممییەتگە مالیک ئیکەنینی لېنین ئاچیق کوردی. بو مەسئەلە پرولېتارییات غالابا قازانیب، کەپیتەل حاکمییەتی قولاتیلغان، پرولېتارییات ئالدیغا سوسیالیزم ئوچون کورەش مەسئەلەلەری، تینچ سوسیالیزم قوریلیشینینگ مەسئەلەلەری کیلیب تورغان چاغدا ئاینیقسا زور ئەهەممییەت حاسیل قیلدی. لېنین نیچە مەرتەبەلەر «دیهقان مەسئەلەسی»گە قایتیب، بو خیلدا توغری قورولغان موناساباتلارنی قاندای ئاڭلاغانینی وە ئولار ئیشچیلەر سینفینینگ ئیشی ئوچون قاندای ئەهەممییەتکە ئیگە بولغانینی هارماسدان تەکرارلادی، وە توشوندیردی.

«ئورتا دیهقان، - دیب توشوندیرەر ئیدی لېنین، 1918 نچی ییلنینگ ئاخریدا، حەددەن ئاشقان «سول»-لارغا، - بیزگە دوشمەن ئیمەس... حازرغی پەیتنینگ ۋەزیفەسی - ئورتا دیهقان بیلەن کیلیشە بیلیش بیلەن برگە، موشتومزورغا قارشی کورەشدەن بر مینوت هەم واز کیچمەسلیک وە فاقات کەمباغاللارغینا تایانیشدر...» *) (15نچی جیلد، 564 نچی بیت).

ئینقلاب قانچا چوڭقورلاشسا، دیهقانلار بیلەن، دەست ئەۋۋەل حازرغی زامان قیشلاغینینگ ئاساسی سیماسی بولغان ئورتا دیهقان بیلەن ئوز-ئارا موناسابات مەسئەلەسی شونچالیق کەتتە کیسکینلیک حاسل قیلادی. سوسیالیزمنی موۋاففاقییاتلی قوروش ئوچون، ئورتا دیهقان بیلەن مەحکەم ئیتتفاق زەرور بولیب قالادی. لېنین هەم، بو حالنی جودە ئایدین ۋە ئانیق شەکللەیدی:

«دیکتاتورانینگ (پرولیتارییات دیکتاتوراسینینگ. ئی. د.) عالی پرینسیپی - پرولیتارییات رەهبەرلیک رولینی وە دەۋلەت ئومور، ئیداراسینی توتیب قالسین ئوچون، پرولیتارییاتنینگ دیهقانلار بیلەن ئیتتفاقینی ساقلاشدر».

لېنین بو فیکرگە تاغین ئایدینراق شەکل بیریب ئیتەدی:

«ئیڭ توب وە ئیڭ موهم مەسئەلە - ئیشچیلەر سینفینینگ دیهقانلارغا قارشی، بو ئیشچیلەر سینفینینگ دیهقانلار بیلەن ئیتتفاقی، بو - توزاق واقتلار مابایینیدا کەتتە فەبریکەنینگ ئاغرلیکن نەتیجەلی مەکتەبنی ئوتکەن ئالدینغی ئیشچیلەرنینگ ئیشی شوندای قویا بیلیشمیدر، تاکی کەپیتەلیزم تامانیدان وە پامیشچیکلەر تامانیدان ئیزلگەن، ئوزینینگ ئیسکی قاششاق، ئایانچ خوجالغی تامانیدان ئیزلگەن دیهقانلار عامماسینی ئوز تامانغا تارتیش مومکن بولسن؛ تاکی فاقات ئیشچیلەر بیلەن ئیتتفاق بولغینا... دیهقانلار پامیشچیک وە کەپیتەلیستلەرنینگ عەسرلەرچە داۋام قیلیب کیلگەن زولمیدان قوتلا ئالاتورغانینی ئیسبات قیلیش مومکن بولسن» (18 نچی جیلد، 1نچی قیسم، 432-433 نچی بیت).

دیمەک، کەمباغالغا تایانیش، ئورتا دیهقان بیلەن مەحکەم ئیتتفاق توزیش، موشتومزور بیلەن قاتتیق کورەشو،- لېنینیزمنینگ «دیهقانلار مەسئەلەسی»دەگی ئاساسی یولیدر.

براق، پرولیتارییاتغا ئورتا دیهقان بیلەن هەر قاندای ئیتتفاق کیرەک بولا بیرمەیدی. پرولیتارییاتغا شوندای ئیتتفاق کیرەککی، بو حالدا رەهبەرلیک رولی ئیشچیلەر سینفی قولیدا بولسن. لېنین بونی قویدەغیچا ئانق شەکللەیدی:

«شەهەر قیشلاق بیلەن تیڭ بولا ئالمایدی. قیشلاق شو دەۋرنینگ تەرخی شارائیتیدا شەهەر بیلەن بر تیڭ بولا ئالمایدی. شەهەر موقاررار رەۋشدە، قیشلاقنی ئوز کیتیدەن ئیرگەشتیرەدی. قیشلاق موقاررار رەۋشدە شەهەر کیتیدەن ئیرگەشەدی. مەسئەلە فاقات، «شەهەر سینفلەری» دەن قایسی سینف قیشلاقنی ئوز کیتیدەن ئیرگەشتیرەوە شو ۋەزیفەنی ئوتکارابیلەدی وە قاندای شەکللەر شەهەرنینگ شو رەهبەرلیگینی قابول قیلادی، دیگەن نەرسەدەدر» *) (16 نچی جیلد، 442 نچی بیت).

سوگرە لېنین یەنە شو ماوزوعگە قایتب بایان قیلادی:

«ئەگەردە روسییەدەگی ئیزلگەن، نادان وە موستاقیل قورولیشغا موتلاقا ناقابل بولغان، عەسرلەر بوینچا پامیشچیکلەر تامانیدان ئیزلیب کیلگەن میلیونلەر ئیپەسیدە؛ ئەگەر ئولار یانیدا شەهەر ئیشچیلەرینینگ دیهقانغا یاقن، تیلینی دیهقان توشینە تورغان، دیهقانلار ئیشانیچیدان فایدالانا تورغان ئالدینغی ئیشچیلەر ئوزینینگ ئیشچی کەسیمی ئیشسیز ئیشانغا تورغان قاسی بولماسا... ئو واقتدا کوممونیزمنینگ ئیشی ئومیدسیز بولیب قالور ئیدی» (16 نچی جیلد، 76 نچی بیت).

بو یەردە لېنین، سوسیالیزم قوروش ئوچون پرولېتارییات ئوزینینگ دیهقان بیلەن ئیتتفاقی ئورتاسیداغی رەهبەرلیک رولینی ساقلاوی لازم، یوقسا «کوممونیزمنینگ ئیشی ئومیدسیز بولیب قالور ئیدی» دیگەن توشونچەوچی ئوڭ ئوپپورتونستلارنی «ئالدیندان» ئورادی.

دیهقانلارنی یەگی ئیزگە بوروش کیرەک. بو-«عومومی ئەرتەل محنەتی» یولی، «کەتتە نەمونەوی خوجالقلارداغی عومومی یر ئیشلەش» یولیدر. براق بو ئیزگە ئوتشالق بیلەن بیرنچیدەن، ئورتا دیهقان «ئیمکیلەنیب کیلگەنی، ئیمکیلەنەب یادقانی وە ئیمکیلەنەجەک» (15 نچی جیلد، 504 نچی بیت) ئیکەنینی، ئیکینچیدەن، ئورتا دیهقان «ماتیریالیست، تەجرییبەچی بولغانیدان کونکریت ماددی بایلقنی تەلەب قیلادی» (16-نچی جیلد، 108 نچی بیت) ئیکەنینی، ئوچونچیدەن، «ئورتا دیهقانغا قسمەتەن زورلیق - بوییوک زەرەرنی تەشکیل قیلادی» (16 نچی جیلد، 108 نچی بیت) ئیکەنینی ئیسدە توتب یوروش کیرەک.

لېنین قاتتیق توروب تەکرارلایدی: «دیهقانلار عامماسی بیلەن، عاددی محنەتکەش دیهقانلار بیلەن بر بولیش وە ئالدیغا قاراب، - خایال قلغانیمزدان حەدسز سیکینرەک، لیکن شوندای حاقیقی رەۋشدە ساجی باشلاش کیرەککی، گی بوتون عامماینگ بیلەن برگە ئالدیغا قاراب حەرەکەت قیلاتورغان بولسن، ئو واقتدا بو حەرەکەتنینگ تیزلەنیشی ئوز واقتیدا شوندای دەرەجەگە یەتەرکی، بیز بونی بیز حازر خایالیمیزغا هەم کیلتیرە ئالمایمز» (18 نچی جیلد، 2 نچی قیسم، 29-30 نچی بیت).

ئیمدی، دیهقانلارغا نسبەتەن توغری سیاسەت توتقان تاقدیردا موقاررار بولاجاق بو تیزلەنیشنی موستەحکەملەش ئوچون قویمالغاملار کیرەک:

«هەر قاندای ئیجتماعی تەرتیب (قوریلیش) فاقات موعەییەن بر سینفنینگ مالی یاردامی بیلەن یوزەگە چیقادی. «حور» کەپیتەلیزمنی توغدیرش ئوچون توتولغان نیچە - نیچە یوز میلیون سوملار توغریسیدا ئیسلەتیب ئولتورش حاجات ئیمەس. ئیمدیالکەبیز، عادالتدان تاشقاری دەرەجەدە قوۋاتلاشمز لازم بولغان ئیجتماعی قوریلیش - کوپیرەتیف قوریلیشی ئیکەننی ئاڭلاب، شونی عەمەلگە ئاشرووپمز لازم... بو قوۋاتلاشنی، شوندای کوپیرەتیف ئاباروتنی قوۋاتلاش دیب ئاڭلاش کیرەککی، گی بوندا حاقیقی عامماسی قاتناشا تورغان بولسن» (18 نچی جیلد، 11 نچی قیسم، 130-131 نچی بیت).

باشقاچا ئەیتکەندە: کولخوزلاشدیرشغا دەۋلەت تامانیدان بیریلوچی مەدەد (چونکی لېنین کوپیرەتیف پلانی، کولخوزلاشدیرشنی ئوز ئیچیگە مەحکەم قیسم قیلیب کرگزووینی ئوڭ ئوپپورتونستلار ئاڭلامایدیلار)-سوسیالیزم غالاباسی ئوچون موتلاق شەرتدر.

* * *

ئیشچیلەر سینفینینگ دیهقانلار بیلەن ئوز-ئارا موناساباتی مەسئەلەسیدە لېنین نیمە ئیکی ئورگەتکەن بولسا، ئوزینینگ بوییوک ئەهەممییەتینی یوقاتماسلیق ئوستیگە، بو کوندە تاغین هەم کوپرەک کیسکین توس ئالدی. حازر، قیشلاق خوجالغینی سوسیالیزم ئاساسیدا قایتادان قورشغا، میلیون-میلیون دیهقان خوجالقلارینی سوسیالیزم ئاساسیدا ئیسلاح قیلیشغا جودە هەم یاقنلاشب قالغانیمز چاغدا، لېنیننینگ شو مەسئەلە یوزەسیدەن بیرگەن یول-یوروقلارینی مەحکەم ئیسدە توتب، ئانی عەمەلگە ئاشیرش کیرەک. سوگغی ئایلار ئیچیدە قیشلاقدا بیز تامانیدان سادر بولغان خاتالار هەممەسی، -بولار یەتەرلکدەن هەم ئاشیق، - لېنیننینگ ئەنە شو یول-یوروقلارینی بوزش یولیدان کیتەیاتر.

قیشلاقغا، ئورتا دیهقاننی موشتومزور بیلەن ئارالاشدرشغا نسبەتەن ئیڭ قوپال قیگفر-قییشقلار سادر بولدی. ئەمما، لېنین فرقانینگ 8 نچی قورولتاییدایاق، ئوزی تامانیدان تەکلیف قیلینغان وە قورولتای قابول قیلغان ریزەلوتسییەدە بوندای دیگەن ئیدی:

«ئورتا دیهقانلارنی موشتومزور بیلەن ئارالاشدرش ... دیمەک، شورا حوکومەتینینگ بوتون دیکرەتلەرینی وە ئونینگ بوتون سیاساتینی بوزشغینا ئیمەس، بەلکی کوممونیزمنینگ بوتون ئاساسی پرینسیپلەرینی ئیڭ قوپال رەۋشدە بوزشدر...» (16 نچی جیلد، 158-159 نچی بیت).

کولخوزچیلق حەرەکەتینینگ ئیختیارلیغی توغریسیدا لېنین پرینسیپی جودە قوپال رەۋشدە بوزولدی، لېنین بوگا قارشی ئاگاهلاندرغان وە بو توغریدا: «ئورتا دیهقاننینگ خوجالق موناساباتلاری بابیدا زورلق قیلیش فیکریدەن هەم ئەحمەقراق نەرسە یوق» (16 نچی جیلد، 151-نچی بیت) دیب یازغان ئیدی.

حەرەکەتنینگ تولا وایاغا یەتمەگەن شەکللەردەن سەکرەب ئوتیش یارامایدی، دیگەن لېنین پرینسیپی جودە قوپال رەۋشدە بوزولدی. حالبوکی، لېنین: «هەر قاندای ئولچەوسزلیک، هەرقاندای شاشقالاقلقدان قاندایین بوییوک زەرەر کیلەجەگینی ئیسیمزدەن چیقارش یارامایدی» (17 نچی جیلد، 136 نچی بیت) دیب یازغاندا، شو توغریدا ئاگاهلاندرغان ئیدی.

نیهایات، س.س.س.ر. نینگ هەر خیل رایونلاریداغی هەر خیل شارائیتنی حسابغا ئالیش توغریسیداغی لېنین پرینسیپی هەم جودە قوپال بوزولدی. بو خاتا بیزنینگ ئوزبیکستاندا هەم سادر بولدی، شو جوملەدەن، ئیتتفاقنینگ ئالدینغی غاللاکار رایونلاری سیگەری تیزلیک بیلەن کیتیش ئوچون ئوروغنانمز چاقدا سادربولدی.

حازر توزەتیشکە توغری کیلەیاتقان وە کولخوزچیلق قوریلیشینینگ رەواجلانیشیغا توسقی بولغان بو خاتالار، ئوڭ وە «سول» ئوپپورتونستلارغا عەمەلدە زەربە بیرە بیلیش، فرقانینگ باش یولینی توغری قوللانا بیلیش ئوچون، لېنینیزمنی کینگ مقیاسدا ئورگەنیشمیز زەرورلیگینی کورسەتەدیلار.

مارکس وە ئینگلیس بیلەن برقاتاردا جاهان پرولېتارییاتینینگ رەهبەری بولغان لېنیننینگ توغولغانیغا ئاتمش ییل تولغان بو کوندە، شو نەرسەلەرنی ئیسلەب ئوتیش فایدادان خالی بولماساکیرەک. ئی. دانچیك.

*) سوزلەر ئاستیداغی چیزقلار بیزنیکی - ئی. د.

*) سوز باشداغی چیزقلار لېنیننیکی. ئی. د.

BEŞ ARЬQ PAXTA ZAVODЬNЬ TEKŞRGƏNDƏ

Beş arьqda mehnat sərçəsi fonkiti joq. Şyngə kərədavlət və sajuz təşkilatlarь ez vəzifəsini aralaşdьrьв jusara jatьrlar.

بوندای ئەحوالگە قارشی قاتعی چارا کورلسن

بەش ئارقداغی پـاختا زاۋودی سوڭغی قۇرسەتلەردە بەسەرشتەبولب قالدی. ئۇندە ساناعات ـ مالییا پلانی حاقىقاتدا بولمادی، ئشلەب چقارۇ بر مۇنچاعدنا ئەدی، پاختا تاراش ئۇچۇن 25تە ماشنا وە بەتەرلك خام ئاشیا بولاتۇرب، یلغا 670 منك تونغا پاختا چقارب بەرە ئالدی. هیچ قاندای بۇندە ئشچاملاشدرش تەدبیرلەری ئوتکەزلمەدی. خوجاسزلقنك ئەك جانلی دەللەردەن شۇنی کورسەتش مۇمکندرکەم، زاۋۇددا بر کـوب تەمر سنقلاری توپلانب قالدی. بۇلار ئـاراسدا ماشنا قسملاری هەم بار ئەدی. ئۇز واقتدا ئۇلاردان فـایدالانشغا ئمکان بولسـادا، زاۋۇدنك ئلگەـرنگی دیرکتری ترویکنك یامان یولباشچلغی ئارقاسدا بوقسملار تاشقاریغا چقارب تاشلاندی وەزەگـلەگەن تەمرگـە ئەیلەندی. بۇنك قلمۇش کاری ـ بەدلەری کەبرلـمەسلك جنایات بولغانی حالدا، قاندای یول بلەندر، خلوپـستروینك ئەنستروکترلگگە ئـایری منب ئالدی.

بۇندان بر نەچە ئای ئلگەری زاۋۇد یولباشچلغی ئەلشترلگەچ، ئاحۋال کەسكن رەوشدە ئوزگەرب کەتدی. فەبریکەنك ئشلەب چقارشنی ئەوۋەلگگە قارلغاندا 87 پروسەنت ئاشراتورغان قاتتق ساناعات ـ مالییا پلانی بەلگلەندی.

زاۋۇدنك زەدەنیەسی بۇ واقت ئچدە 15 پروسەنت ئارتعیبلەن بەجەرلدی. شۇندای بولسا هەم، مەحنەت ئۇنۇمنی کوتەرشدەگـی هەممە ئمکانیەتلەردەن یەتەرلك فایدالانلغانی یوق. چۇنکی، ئشلەب چقارش، ئشچاملاشدرش حسابغا ئاشرلدی

سوسیالزم مۇسابقـاسی بلەن جندی شۇغـۇللانمادیلار. مۇسابقاغا کرشـوگە ئستەکەن ئایرم ئشچلەر بولسا هەم، ئۇلارنی تەشکل قلغان، تەشەبۇسلەرگە مەدەد بەرگەن کشی یوق. فاقات، قۇرۇق پلان تۇزۇب چقش بلەن تنچەدیلەر. بۇنك ئۇستنگە فرقا ئاعزالاری (ئۇلار فەبرکەدەگی 163 ئشچنك 42 تەسنی تەشکل قـلادرلار) سوسیالـزم مۇسابقاسغا تەشەببۇسچی بولشلاری بر یاقدا تۇرسن، حاتتا باشقالاردان ئارقادا هەم قالب کەلە یاترلار.

ئشچاملاشدیرش تەدبیرلـەرگە زەربدارچلق ئشنی هەم قوشقاندا بۇ زاۋۇد ئوزبەکستاننك ئەك یاخشی کارخانالاردان بولار ئەدی. بۇ توغرادا فەبرکنك ئشچلەرگە، شۇنگدنك مەئمورییەتنگـە ئوی لاب کورش کەرەك.

ئشچی کوچلەرنی دارۋازا ئالدیدا قابۇل قلب ئالش زور ۋە جیددی کەسەللەردەندر. بەشئارقدا مەحنەت بیرجەسی‌پونکتی یوق. شۇنغا کورە، دەۋلەت ۋە سایوز تەشکلاتلاری وەزیفەسنك بۇخل ئەرلەشووی هیچدە یارامایدی. بەشئارقدا تیزدەن مەحنەت بیرجە پونکتنی تەشکل قلش لازم

مەنەشۇ ئاحۋاللارنی نەزەرگە ئالب، بەشئارق پاختا زاۋۇدنك ئشلەریگە حـال یەتکەزوچی شاحسلارغا مەرحمـمەتسز رەوشدە چارالار بلگلەنیشی دەرکار

ن. ب

ilin zərədarlarь ez işlarida

خاتالارنی تۇزەتشدە بوشلق حۇکم سۇرە یاتر

ئورتا دیهقانغا نسبەتەن قلنغان حاتالارنی تۇزەتش توغریسداغی ئوز کومفرقا مەرکەز قومتەتنك دیریکتفی توقتاوسز بەجەرلسن

بەش ئاریق رایوندا تاشۇیقات پوییزی بەش کۇن تۇردی، هەر کۇن ئەرتەلەب ۋاگونمز ئالدیدا عەریزە کوتەرب ئولتورغان 10 ـ 15 «حاقسز»، «مۇشتومزور» (قولاقنی) نی کورشکە توغری کەلدی.

بۇ یەردە کەینگی کۇنلەردە خوقوقدان ماحروم قلنش، مۇشتومزور دان بولغانلار. بۇلارغا مسال قلب ئۇباندا‌غی «حاقسز» ۋە «مۇشتومزور» لارنی کورسەتش مۇمکن.

ساۋۇز تپە، جامعلم، عەبدوۋەلی، مەمەجان ئوغلی قوشنك ویزنوسـنی ئوز ۋاقتدا تولەمەگەنی ئۇچۇن حۇقوقدان «ماحروم» قلنغان. عەبدوۋەلی جورەبای ئوغلی 11 فوقاراسی دەۋلەت مەمتقول ئوغلی نامز ئوقۇغان ئۇچۇن «حوفی» دیب حاقسز قلنغان ئەکەن، کەمباغاللار مەجلسدە تەکشرب کورلگەندە سوڭغی یلغاچە، 4 ئانەپ یەری، 178 سوم دارامدی بولغانی ئانقلاندی

ئەبدول فتلافی سولتانقول ئەیکەن کشی ئوزی 20 یل قارال بولب ئشلەب کەلب ئوندان کیین چارىکار بولب یۇرب، بارا ـ بارا ئورتا حال بولب قالغان. قشلاق مۇنەممـ یۇلات قاری بۇ کشدەن 25 ئاناق کورۇچ سورەگەن، بۇندان مۇقەددام هەم یۇلات قاری هەر کملەردەن شۇندای «قارز» سوراب ئالب یەیب کەتکەننی ئۇچۇن بەرمەگەن. شۇنك ئۇچۇن یۇلات قاری بۇنك ئۇستدەن عەریزە بەرب «مۇشتومزور» قلب قویدرغان، حازر ئو کوچەلەردە یەقلاب یورەدی.

بونغا ئوخشاش فەکتلەر جۇدە کوب. کوبکنە کەمباغاللار هەم حازر حاقسز بولب رایون ئدارالاریغا عەریزە کوتەرب یورەدرلەر.

رایون ئجراقومی ئالدیدا ئورتاق عۇمەرف رەئیسلگدە ماحسوس بر کەمیسسیە توزلگەن ئەدی. کەمیسیە بلەن شۇ حاقدا سوزلاشقانمزدا ئو، «بۇ یەردە، مۇشتومزور ۋە حاقسزلارنی رویخاتغا ئالشدا جۇدە هەم قوپال خاتالار قلنغان. بۇلارنك «مۇشتومزور» لاردان 60 پروسەنتنی ئورتا حاللار سەرەسیگە کرتشكە ۋە حۇقوقدان ماحروم بولغانلارنك 50 پروسەنتنی حاقلی قلشغا توغری کەلەدی، ـ دەیدی.

مەنە شۇنك ئوزی هەم رایوننك بۇ حاقداغی خاتالاری نەمەدەن عبارات بولغاننی ئانقلاب بەرسە کەرەك

حۇقۇقدان نا توغری ماحروم بولغان کەمباغاللار بلەن مۇشتومزورلار قاتاریغا ئوتکەزلگەن ئورتا حاللارنك ئشلەرنی تەکشرش جۇدە، کەچکب باشلاندی

حازرغی نا توغری حاقسز کسلنغانلار بر تاماندان بونەك، قشلاق خوجالق ئاسبابلاری، ئۇن، بۇغدای، کوپرەتفدەن بەرلەتورغان چای ۋە ساناعات ماللاری ۋە شۇنغا ئوخشاش یاردامـلاردان ماحروم بولشلاری ئوسەتنگە، ئۇلارنی ئارتق قازش ئشلەرگە مۇشتومزورلار بلەن بر قاتاردا ئالب بارب ئشلەتمەکدەلەر. حاقىقی مۇشتومزورلارنك ئۇستگە تۇشاتورغان ئاغرلقلار ۋاقتنچا بۇلارنك یەلەکەلەرگە هەم تۇشب تۇرماقدا.

کەمباغاللارنك قوللاریدا کوچلەری بولماغانلقدان بیر هەیدەش ئشلەری ۋە ئوروغ تاپب ئەکش ئۇچۇن جۇدە قیینالماقدالار. بۇلاردان قاتعی نەزەر، بای، رۇحانی مۇشتومزورلار بۇلارنك حازرغی ئاغر ماعیشتلاردان‌فایدالانب، تورلی تۇمەن بولماغور شغۇللار یۇرگزب، ئۇلارنی ئوز تامانلاریغا ئاغدارب، ئوز ماۋقۇعلارنی مۇستەحکەملەش ۋە حۇکومەتمز تاماندان ئوتکەزلب تورغان قاتار جارالارنی بوزوش ئۇچۇن ئورونماقدالار.

ف. میرزەمی،
بەشئاریق.

izzəb bina barisa ycyn

golka qujaq..dəjqanlarь xamoqsт tajjarlai jatьrlar.

قاتارغا کەمباغال ۋە ئورتا حاللارنی ئوتکەزش «میدە» حالغا کیرب قالغان. شۇنك نەتیجەسدە کەینکە کەمباغال، ئورتا حاللار نا توغری رەوشدە حوکومەتنك کەمباغال، ئورتا حاللارغا بەرگەن یەگللکلەردەن مەحروم بولب جۇدە هەم سەرگەر ئالب یەری ۋە دیر قارال بولغانی ئۇچۇن» مۇشتومزورلار سەفنگە ئوتکەرلگەن ئەدی، کەمباغاللار مەجلسدە تەکشرب کورلدی. حاقیقاتدان ئورتا حال بولب، قارال هەم بولماغانی ماعلوم بولدی.

رایوننك ئانی ئاۋۇل جاماعاسنك

«باخت» باشداغلار قارا کۇرسدە نامایان بولدیلار

(10 نچی ئاپریلدا، خارازم ئوکروگ قشلاق خوجالق شرکەتی (حورسەلسایوز) ـ «باخت» نی هەر تاماندان خارابلقدا تۇشرگەن بر نەچە خیاناتچی ۋە جنایاتچـلار ئوستدەن سود باشلاندی.

بۇلار 8 ئادام بولب، ئارالاریدا نەپکەلەی ۋە خان دەۋردەگی «ئاغیان» ۋە «ناشرای»نك ئاۋلادلاردان هەم بار. شۇلاردان بیرسی ئوکروگ قشلاق خوجالق «باخت» شرکەتنك ئدارا ئاعزاسی ساتانبق بولەب، بۇنك ئاتاسی کەتتە بیر ئەیگەسی ۋە کەتتە سارمایا بای بیر قاسابدر؛ 2 ـ شرکەت رەئیسنك مۇعاوینی هەم تەشکلات مۇدیری عابدماۋلان قادریف. بۇ تاشکەنتنك مەشهۇر بایلاردان بەهشـ بالا باینك ئوغلیلاردان بولب، تاشکەنتدەگی «ئهراۋدا ۋاستوك» هەم «شارق حاقىقاتی» گەزتە ئدارەسی بۇلارنك نومرگە ئاتاب سالغان بیر عالی عماراتی ئەدی؛ 3 ـ ساۋدا شۇعبە مۇدیری باکالوف (باقالوف) در. بۇ کشنك ئاتاسی خاننك مالیە نازیری بولغان بیر منیاندر ئەدی.

ئەندی، بۇلارنك شرکەت باشغا منب ئالغانلاردان کیین ئوز فایدالاری ئۇچۇن قاندای «حکمەتلك هۇنەرلەر» ئشلەتکەنلەرنی بیر ـ بیر کۇرب چقایلق:

بۇ شرکەت ـ 1925 نچی یلدا تەشکل تاپب، 26 نچی یلدا 14 منك 418 سوم 50 تیین؛ 27 نچی یلدا 20 منك 736 سوم 3 تیین؛ 28 نچی یلدا 74 منك 618 سوم 3 تیین زەرەر قلدی. سیلسایوزنك تۇزلگەننگە 5 ـ 6 یل بولسا هەم، بۇندا قانچا ئاعزا بارلغی ئانق ئەمەس. سایۇزنك کوب سارمایاسی بایلار فایداسغا ئشلەتلدی. رایون شرکەتلەردەن ئالنغان ماللارنك یاخشی سورت ئەکەلەنگکە ئەعتبار قلماسدان پەست باهاغا ئالب قیمات باها بلەن خوسۋسی ساۋداگەرلەرگە ئوتکەزب تۇردیلار ـ دا، فایداسنی هەر ۋاقت ئوزلەری کوردیلەر. کەمباغال دیهقانلارنی شرکەتدەن ئۇزلی یوللار بلەن بەزدیرب، بایلارغا ساۋدا ئۇچۇن کەتتە یول ئاچب بەردیلەر. قاراکول یەغش شەرتنامالارنی جۇدە کەچ باشلاب، ئۇنغا سەرف قلش ئۇچۇن ئالنغان پۇللەردەن تولا فایدالانمادی. مەسەلەن 29 نچی یلدا قاراکول ئۇچۇن بەلگلەنگەن 89 منك 224 سوم 37 تیین پۇلنك فاقات 94 پروسەنتدەنگنە مال ئالش ئۇچۇن فایدالانلدی. ئشلەب چقارش پلانلاریدا کەمباغاللارغا کوب پروسەنت پۇل بەرش کورسەتلگەن بولسا هەم، عەمەلدە بۇ ـ بەجەرلمەدی. 27 نچی یلدا شرکەتکە 20 منك سومدان ئاشغراق زەرەر بەرگەن بولسالار هەم، 750 سوم فایداسز بار، دیب ماعلومات بەردیلەر. قشلاق خوجالق بانکەسدەن رایون شرکەتلەری ئۇچۇن دیب 10 منك سوم پۇل ئالب، بۇنی ئوزلارنك جغلدانلاریغا ئورب قویدیلار.

بۇلارنك ئوزلاری کەتتە زیبافاتلی ئولتورشلار قلبغنا قالماسدان باشقالارنی هەم شۇنغا چاقىردیلار ۋە ئورگەتدیلەر. «خور سایوزدا 4 منك پۇد گورچ بار» دیب، قشلاق خوجالق بانکەسدەن 29 منك سوم پۇل ئالب، ئوز ئارا بولشب یەدیلـەر! 29 نچی یل، فبۇرالدا تەکشرلگەندە بۇ ئەیتلمش گورنجدەن بر پۇد هەم تاپلمادی ـ یالغان (حیلە) بولب چقدی.

بۇ شرکەت (یەعنی ئۇنك باشدا تۇرغان یات عونسورلار)، کوتورگنك کەمباغاللارغا یاردام بیرب تۇرغاننی کورب، ئۇنی بمنوشکە ۋە ئۇنغا کەتتە زەربە بیرشکە حەرەت قلدیلار: مەرکەزی ئەشخملانلارغا «گوتورگ یامان ئشلەب تۇربدر» دیب یالغان خات ـ خابارلار یۇبارب، ئۇنك خام مال تایارلاشغا یول قویماسدان، ئۇنغا 15 منك سوم زەرەر بیردیلەر.

شرکەت ئیداراسـیدا حەددەن ئاشقاری ئشتاتلار ئارتدیرب، مەئموری خاراجاتلارنی کوب قلب یۇباردیلار. عاماباسلەن هیچ بر عالاقالاری بولمادی.

بۇلار شرکەتکە 29 نچی یل، 1 نچی ئیمیۇلگەچە هەممەسی بولب 177 منك 188 سوم 4 تیین زەرەر بیردیلەر. بۇ یوللارنك کوب قسمی ئوز فایدالاری ئۇچۇن سەرف بولدی. مەسەلەن، شرکەتنك پراۋلنیە رەئیسی ـ ساتانبق بر یلنك ئوزیدا‌غنا 229 کون ئوتپوسکە بلەن بۇردی. هەممەسلەن شۇنمسی قزقکی، «باخت» سایوز بۇگەندلب، ئۇنك ئورنغا تۇزلگەن بەشکلات بیوراسی 4 ئای قلغان ئش مۇددەتمدە 16 منك 504 سوم زیان بیردی

ئەندی عادالاتلی شورا سودیدان جنایاتلاریغا مۇۋافق قاتتق جازا بیلگلەشنی کۇتب قالامز.

ق. ح.

JƏNI BUXARA DEPOSЬDA

SANAAT MALЬJƏ

pьlanьnьn mahьjatьnь bilmajdilər. ekiş kampanijəsi matьrьjallarь vagonlardaj atadь. Bundaj jaramasьqlarqa qat'ь caralar kərilişi kerak

تیمر یولداغی جانسزلق وە بیپەروالق بلەن کورەش هەم ساناعات ـ مالییا پلاننی تولا بەجەرش ئۇچۇن بۇتۇن رابوچیلار وە تیخنیکی کوچلەرنی چینەکەم سەفەربەرلك قیلایق

«قزل ئوزبەکستان» ۋە «ئشچی» گەزیتەلەرینك سایار باشقارماسی، یەگی بۇخارا تەمر یولدا ساناعات ـ مالییا پلاننك قانداي بەجەرلشنی کوروکدەن ئوتکەزە باشلادی.

230 ئشچی ئشلەیدیگەن کاگان دەپوسدا ساناعات ـ مالییا پلانی بر تاماندا تۇرسن، هەلی ئشلەب چقارش پلانی هەم تۇزولماغان. دیپو باشلغی لوکەشۇیچ ساناعات ـ مالییا پلانی ئۇ قاندای مۇعامەمەن بلمەیمەن ـ دەیدی.

دەپونی کیرەکلی ماتریاللار بلەن تەعمنلەش ئشی جاتاق. سامارقاند شۇعبەسگە یازلغان سورئولارغا جاۋابهەم کەلمەگەن.

ئستەنسە باشلغی ئورتاق بالداکدان، ساناعات ـ مالییا پلاننك بەجەرلشی توغرسدا مەعلومات سـوراساگز، «بزدە هەلی بۇندای پلان تۇزلگانی یوق. بۇ حاقدا سامارقاندشوعبەسی‌هیچ قاندای قولانما بیرمادی» دیـگەن لوندا جاۋابنی ئالاسز.

ئەکن ماتریاللارینی جایلارغا یوبارۇ ئشی‌هەم جۇدە یامان حالدا. 14 نچی مارت ـ دان 23 نچی مارتغا قادار ئەك زەرۇر ئەکن ماتریاللاری یۇکلەنگەن 158 ۋاگون مال توختاب قالغان. 29 نچی مارتدان تا 16 نچی ئەپریلگە قادار 175 ۋاگون ئەکن ماتریاللاری توختاب تورغان. حازر هەم 55 ۋاگون یوك ئستەنسەدە تۇرەبدی. بۇلارنی تیزراق ئوز جایلاریغا یۇبارش توغرسدا ئویلامایدیلار هەم سامارقانددان بوش پاراۋوز کەلشنی کۇتب ئولتورەدیلەر.

پاراۋوزلارنی دیپولاردان ریمونت قلب چقارۇلاری، مۇتلاقا یارارلق ئەمەس. 9 نچی ئەپریلدە کەتتە ریمونتدان چقغان 823 نچی سان پاراۋوز 5 چاقرم یورماسدان بۇزلدی.

ئەکن ماللارینی گەلترو ئۇچۇن یوبارلغان پاراۋوز زورغا ئستەنسەگە یەتب کەلدی. عۇمومەن ئەیتکەندە، تاشکەنتگە کەتە دیگەن یۇکلەر 9 کۇندەن 16 کۇنغا قادار، قارشیغا کەتەدیگەن یۇکلەر 7 کۇندەن تا، 20 کۇنگەچە ئستەنسەدە توختاب قالدی.

بۇ یەردە، عەینی بیرگنە پاراۋوز ئۇستنگە قویش یارامایدی. ئستەنسە مەئمورلەری هەم بۇنغا ئوزلارینی مەسئول حسابلامایدیلار. ئولار، کەپینتدە کیردەیب ئولتیرو بلەن ماعاش ئالشنغنا ئوز ۋەزیفەمزدیب تانییدیلار. مسال ئۇچۇن بۇ یەردە بر نەچە فەکتلەرنی کورسەتش لازم

د. ئیۆ. خا. باشلغی ناسالسکی 201 نچی سان مارشروتا نەفت سەستەنی داکومینتدا کاگانغا دیب یازلسا هەم ئو، نەمە مەقساد بلەندر کاگان دیب یازلغان ئورۇننی ئوچرب، قوقاند دیب یازب قویغان. نەتیجەدە بر قانچا چاتاقلقلار چقب بۇتون سەستەف بر نەچە کۇن ئستەنسەدە توختاب قالغان.

نەفت بولومی نەفت یوقلغی حاقدا ماعلومات بیرب، نەفت سوراسا، ناسالسکی ماحسوس کاگانغا یوبلوسلغان نەفتنی قایتارب یوبارغان. نەتیجەدە نەفت یوقلغدان هەممە هەیەجانغا کەلـگەن. بیراق، قوقنۇسدان ئەککی ۋاگون نەفت کەلب قالب، شۇندەن فایدالانغانلق. ئەگەر ئو ـ نەفت کەلمەسە، ئستەنسەنك بوتونلای حەرەکەتدەن توختاب قالشی ئانق ئەدی.

سامارقاند شوعبەسی: ـ «6297نچی سانلی پاراۋوز یوبارب ئەکن ماللارینی قارشیغا جوناتلسن» دیسە بۇ یەردەگی کەللەۋەرەملەر بۇیروقنی ئەکسنچە بەجەرب، پاراۋوزنی جارجۇیغا جوناتغانلار. بۇ ئش بلەنب ئالغاندان سوك پاراۋوزنی یولدان قایتارب ئالغانلار. تا پاراۋوز قایتب کەلگونچە ئورتادا 20 ساعات ۋاقت بەکرگە ئوتدی. حالبۇکی شو واقت ئچدە پاراۋوز یۇکلەرنی قارشیغا ئەلتب قویشی مۇمکن ئەدی.

مەنە موندای یاراماسلقلار بۇ یەردە جۇدە کوب. ئستەنسە مەئمۇرلەری سامارقاندغا بارالتورغان واگونلارنی قارشیغا، قارشیغا باراتۇرغان ۋاگونلارنی سامارقاندغا جونـاتەلار.

تەجریبەلی، هۇنەرلی ئشچلەردەن تولا فایدالانۇۋ ئورنغا ئۇلارنی ئشدەن هەیدەگەنلەر. ئورتاق گەلدەیوف تەمر یولدا ئوراق ۋاقت ئشلەلەب، ئوز ساداقاتنی کورسەتگەن ماهارەتلی بر ئشچی. مەنە بۇنی بولماغان سەبەبلەر بلەن ئشدەن هەیدەگەنلەر. بۇ ئش سود ئدارالاریدا کوریلب «گەلبیوفنی قایتادان ئشغا ئالنسن» دیگەن قارار باشلقلنك ئوستالی ئاستدا یەوقالب کەتکەن.

ۋەزیفەسی، بر بولغان قاراۋۇللار بەرەۋەر حاق ئالمایدیلار. بۇ حاقدا گەسەبە شوراسی ئعتراز بایان قلسا هەم مەئمورلەر قولاق سالمایدیلار

ئشچلەر ئاشخاناسی یاخشی ئەمەس

کاگان ئستەنسەسدە 900 ئشچی ئشلەیدی. ئاشخانا فاقات 50 ـ 60 کشنەنگنە تەعمنلەیدی. ئلگەری بۇ ئاشخانادا ئشچلەر ئۇچۇن ئسسق ناهاری ئاۋقات بیرلسە هەم کەینگی واقتلاردا بۇ ـ یوق بولب قالغان. بۇ حاقدا ئشچلەر تاشکەنت شوعبەسگە قادار عەرز قلسالار هەم هەلی نەتیجەدەن دەرەك یوق.

ئاشخانا کومسیەلەری بار. ئامما ئۇلارنك ئشگە مۇدیر ئەنەسمەق یاردام بیرمەیدی. حاتتا، کومسیەلەرنك ئاشخانا ئشلەرنی تەکشرشلارغا هەم یول قویماغانلار.

سەندتورییە دوقتوری ئورتاق کاسسین ـ ئەیتەدی: «ئاشخانا بنداسی جۇدە تار. بۇنك ئۇستگە کیوسکی هەم شۇ یەرگە تیقلدی. کیوسکینی بولەك جایغا کوچرش، پیرەدوکتو مقدارنی ئاشرب ئشچلەرنی تولا تەعمنلەش حـاقدا تیگشلی جایلارغا مۇراجاعات قلدم؛ لیکن، هەلی نەتیجە چقغانی یوق. ئاشخانا مەئمورلەری بۇ مەسئەلەگە قولاق سالمایدیلار» دیەدی.

حاقىقاتان ئاشخانانك سەندتوربیە جهەتی یارامایدی. ـ پیرەدوکتولار بیر ـ بیریغا ئارالاشغان. ئشلاس حالدا یاتادی.

ئشچلەرنی سۇۋ بلەن تەئمینلەۋ یارامایدی. واداپراۋاد بلەن کەلتریلگەن سۇۋ ئفلاس حاۋوزغا قویلادی. بۇ یەردە ـ سۇۋ، نەفت مایلاری بلەن ئفلاسلانب کەتکەن. بۇ حاقدا هیچ قاندای چارالار کورلمەگەن.

ئشچلەرنك یاتاق بنالاری تۇزۇك ئەمەس. ئاینقسا، شەهەر شوراسی بناسیغا یاقن تورغان ئشچلەر یاتاق خاناسی جۇدە هەم زەك یامان یەرگە بنا قلنغانمدان تیز کۇندە بوزیلا باشلاغان.

مەنە بۇ قاتار کەمچلکلەرگە چارا کورۇ بلەن، ئەکن کەمپانییەسی قیزغن کیتەیەتکەن بر مامینتدا ئشگە زەربە بیروچی ئاناوی تەمر یول ئدارالاسداغی قارا یۇرەکلەرنك قاتتق مەسئولیتگە تارتلشی لازم.

رەسۇلجان.

hyçym fəbrikəsidə

fəbrikəni kenəjtiriş ycyn təşkil etilə jatqan tisihlər ycyn jəni binalar salьna jatьr

پیوە زاۋودیدا ئشلەر تۇزەلە یاتر

سامارقاند پیۋە زاۋودی 1930 نـجی یل برنچی کوەرتەلنك ئشلەب چقارۇ پلانـنی ئاشغی بلەن بەجەردی.

مارت ئایدا فبورلگە کورە 10 پروسەنت کەم ئشلەگەن بولسا ـ دا، کونترول راقاملاردان هەر ئشچگە 0.4 جیلەك ئاشدی.

مارت ئایدا زاۋود هەولسی تازالانب، یاردامچی ئشچی کوچلەر ۋالندی. ئشچلەر سانـنك ئاشووی ئەیسە ئشلەب چقارۇ پروسەنتنی کەمەیتوردی.

حاسلنك تەن نارخی‌بلەن ئاحوال قانەقارلق ئەمەس. خوجالق ـ سیاسی شەرتناما بوینچا تەن نارخی 12 ـ پروسەنت پەسەیب، برچیلەك پیوە 3 سوم 3 تیینەدەن ئاشماسلغی لازم ئەدی، حاقىقاتدا ئەیسە تەن نارخی یەنوەر ئایدا 4 سوم 78 تییندەن عبارات بولدی. بۇنغا پارتاسبابلاریغا یەتەرلك ئش یوکلەتمەسلگی، ئشلەکتر نارخنك ئاشووی تەئسر قلدغاندر. فبورلدە ئەیسە حاسل کوبرەك چقاریلا باشلاغاچ، تەن نارخی 3 سوم 60 تیینگەچە کەمەیدی. مارت ئایداغی تەن نارخی هەلی حسابغا ئالنغان یوق.

زاۋوددا پرەگول حادیسالاری هەم ئازایدی. بۇندای حادیسالار یەنوەردە 7، فبورلدە 4 وە مارتدا 3گە تۇشدی. حازر ئۇلار شەرتنامادا کورسەتلگەن مقدار ـ 0.1 پروسەنتگە یەتدی.

پرەگوللەر کوب واقت مەعشی حەرەکتبودەدرلەر.

پرەگولچلەر بلەن ئاخـلاقی ـ تەربیە مۇساحابالاری ئوتکەزلدی. مەحنەت ئنتزامنی جورتتەگە بۇزب یۇرۇچلەر قارا تاقتاغا یازلدی وە هاکەزا.

مارتدا بۇتون پرەگولچلەرنك عۇمۇمی مەجلسی ئوتکەزلب، بۇندا ئۇلار ئوز ئورتالاردا مەحنەت ئنتزامنی یاخشلاش ئۇچۇن سوز بیردیلەر.

زاۋوددا یەککە مۇسابقا ئشلەری ریواجلانغاندر. بۇندای مۇسابقادا هەممەسی بولب 32 کشی قاتناشماقدا. مۇسابقاچلار ئسدیلنی ئشنك باهاسنی کەمەیترمەکدەلەر. کۆەرتەل ئچدە بۇندان 75 سوم 98 تیین تیجەلدی. زەربدارچلار ئوز زممەلەرگە ئش کونینی زچلەب، پرەگوللەرنی یوقاتش وەزیفەسنی ئالدیلار. ئوقوۋچی ئشچلەر تایارلق ئۇچۇن ئوزلەرگە بیرلەتورغان 2 ساعاتلق ئمتیازدان فایدالانماسلقلارنی بلدردیلەر. ئشچلەر ئایدا بر کۇننی ئیندۇسترلەش فوندیغا ئشلەب بیرمەکدەلەر.

زاۋود ئشچلەری ئستحسالاتنی رەتسیونەللەش یولدا هەم ئەکلیفلەر کیرگزب تۇرماقدالار. مەسەلەن، برەدیلنە (ئاچتقی) خاناسدان زەیەس ریزبروەولەرگە تروبەلەر ئوتکەزلدی. بۇ حال سۇۋنك سەرف قلنشنی تیجەیدی. سەموتەسکەلەرنی تریـیەرلەردە ئورناتش ئشی تەکمللەشترلدی وە تیریبیرلەرنك ئش قابلیاتی 30 پروسەنت ئاشرلدی. بۇ ئەیسە بر ئشچی کۇچنی قسقارتشغا ئمکان بیرەدی. بۇندان یلغا 1000 سوم تیجەلەجەك. نهایات، ئشچلەرنك مەحنەتی ئاسانلاشتیرلب، سەرتیروفکەنك سفەتی یاخشلاندی ـ نەتیجەدە، ئـەرپەدەگی چوپ ـ خەشەکلەر هەم کەمەیب قالدی.

مـارت ئایدا رەتسیونەللاش ماقسادلاری ئۇچۇن هەممەسی بولب 40 تەکلف کیرتلدی. حازر ئۇلارنی تکشیرب قولدی ئمکانی ئشلەب چققیلا یاتر.

گ.

QЬŞLAQ XOÇALЬQЬ KƏPIRƏTSIJƏSININ BYTYN SESTEMƏSI AMMANЬŊ KONTЬROLLЬQЬ ASTЬQA ALЬNЬŞЬ KERƏK

ئېكن مايدانلارىدان كېلگەن چاپارلار راپورت بېرەدى

بۇنەك تارقاتىشداسىنفى يول بۇزۇلدى

ئەندىجان ئوكرۇگىنىڭ ئايرىم رايونلارىدا سىنفى يول بۇزۇلدى. جۇملەدەن مەرحەمەت رايونىدا ئۆزىغا توق خوجالىقلار هەم بۇنەكنى كەمباغال بىلەن بەرەۋەر ئالدىلار. پاختاكارلارنىڭ ئىجتىماعى ئاحۋاللارى تۈزلگەن روىخاتلارى ئالىنمادى. بۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنەك ئالغان خوجالىقلار موتلاقا تەكشىرىلمەدى.

ئىش سۈرعەتى تېزلەتىلسىن

نەمەنگەن رايونىدا گوك توكىش ئىشلەرى توگەدى. هەممە جايدا قوش چىقدى. براق، توغانلار تاييار بولماغانىدان هەلى كوب ئارىقلارغا سۇۋ قويىلغان ئېمەس. بۇنىڭ ئۈستىگە رايوندا 34 تە ترەكتوردەن 25 تەسىگىنە ئىشلەمەكدە. قالغانلارى ئېسە هەنۇز رېمونتدە ياتادىلار. بۇنىڭ ئىحتيات قىسملارى يېتىشمەيدى. پاختا ئېكىشنى تېزلەشتىرىش ئۈچۈن هەممە قىشلاقلاردا ئېندى كومسىيەلەر تۈزۈلە ياتر.

قوقانغا كېلسەك، بۇندا پاختا شەرتلەش تامام بولدى. ئۆرۈغلىق چىگىتلەرنى قارا چىگىتدەن ئاجراتىش ياخشى كېتە ياتر. براق ئىش حايۋانلارى ۋە ترەكتورلەر يېتىشمەيدى. شۇندای بولسا هەم پاختاكار يېرلەرنى هەيدەشكە دېھقانلار زور بېرە ياترلار.

رىشتان رايونىدا حازرغا قادار 8 مىڭ ئاناب يېر هەيدەلىب، 386 ئانابىغا چىگىت ئېكىلدى، «ئۈمىد» كولخوزىدا ئېكىلگەن پاختا كوكەردى.

بوخارادا قوش هەيدەش ئاغىر شارايىدا كېتە ياتر. ئىش حايۋانلارى كەم، ترەكتورلەر ئۆز نورمالارىنى تولغازالمادىلار. رايون بويىنچا 450 هېكتەر يېر هەيدەشلەرى كېرەك ئېدى. لېكىن، باشقا رايونلاردا ترەكتورلەر بەعزەن بوش ياتقان ۋاقىتلارى هەم بولادى. شۇنىڭ نەتىجەسىدە بەعزى كولخوزلاردا ئىش حايۋانلارى يېتىشمەگەندەن يېرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا هەيدەب ئۈلگۈرە ئالمايدىلار. بۇنىڭ ئۈستىگە ئوغوت ناتوغرى تارقاتىلدى. دېھقانلار ئاۋرۇپا ئاسبابلارىدان فايدالانىش ئۇسۇللەرىنى بىلمەيدىلەر. بۇ حاقدا ئەگرەنوملەر ياخشى ئېعتىبار قىلمايدىلار.

مەنە بۇ حاللارغا نەزەرەن ئىش سۈرعەتىنى تېزلەتىش كېرەك، تاكى، سوڭغى پوشايمانىڭ مۇتلاقا فايداسى يوق ئېكەنىنى ئېسدە ئۆتىش دەركار.

ئالدى ئالىنسىن

قويى چىرچىق رايونىنىڭ جوجقا باش قىشلاغى حازردا سۇۋ تاشقىنى خاۋفى ئاستىدا بولسا هەم بۇنىڭ ئالدىنى ئالىش باراسىدا رايون تەشكىلاتلارى چارا كورگەنلەرىچە يوق. بۇ حاقدا ئوكرۇگ ئېكىن كومىسسىيەسى، رايون ئىجراقومىغا تەعجىلى چارا كورىش حاقىدا عالاقا هەم يازغان ئېدى.

سامارقاند ئوكرۇگىنىڭ مېتەن رايونى، باشقا رايونلارغا نەزەرەن بىر چېتدە. ئۇنغا گەزىتەلەر كېلمەيدى.

قاشقا داريا ئوكرۇگىدە ئىلگەرى كورلگەن چاتاقلىقلار هەلى هەم داۋام قىلماقدا. رايون پاختا سايۇزلارىغا كېلگەن خابارلارغا ئىشەنىش جۇدە قىيىن. چۈنكى، جايلارداغى تەشكىلاتلار ئۇزلارىدا جاۋابگەرلىك حىس قىلمايدىلار. ئۇلارغا تولا رەھبەرلىك يوق.

غاللا كوپېرەتسىيەدەگى ئاحۋاللار هەم بۇندان قالشمايدى. بەعزى كولخوزلار غاللا كوپېرەتسىيە ۋە پاختا سايۇزى بىلەن بىر ۋاقىتدا شەرتناما تۈزگەنلەر. بۇنىڭى كوپېرەتسىيە، بىر ـ بىرگە ئىشەنىب، كولخوزلارغا ياردام كورسەتمەيدىلەر.

رايون پاختا سايۇزلارى، قانچا ئاسباب كېلتىرگەن ۋە قانچا تارقاتىلغانىدان خابارسىز. بۇنىڭ ئۈستىگە تارقاتىلغان ئاسبابلاردان دېھقانلار يېتەرلىك فايدالانغانلارى يوق. بۇ بارادا ئەگرەنوملەر هەم بىر چېتدە تۇرادىلار. بۇنىڭ يۈزەسىگە ئەگرەنوملەر يېتىشمەيدى.

رىشتان رايونىدا مۇشتۇمزورلار پاختا ئېكىشدەن باش تارتا ياترلار. شۇنغا كورە ئۇلارنىڭ يېرلەرى ئالىنىب، كولخوزلارغا بېرىلدى. بېشئارىق رايونىدا ئېسە، مۇشتۇمزور خوجالىقلارى تۆرلى نەيرەڭلەر كورسەتە باشلادىلار. رايون پاختا پۈنكتىدە بىر تۈدە «دېھقانلار» كېلىب، يەنە پاختاغا قوشمىچا شەرتناما تۈزۈشنى تەلەب قىلدىلار. بۇ حاقدا تەكشىرىش ئۆتكەزىلگەنىدە مەعلۇم بولدىكى، مۇشتۇمزورلار ئۇزلارى پاختا ئېكمەسلىك ئۈچۈن يېرلەرنى دېھقانلارغا بېرىب، بۇنەك ئالماقچى بولغانلار.

قورغان تېپە رايونىدا قوش چىقدى. لېكىن، قىشلاق خوجالىق ئاسبابلارىنى تارقاتىش جۇدە سۇست.

ئەندىجان ئوكرۇگىنىڭ بارچا رايونلارىداغى ئارىقلارغا سۇۋ كېلدى. ئېكىش ئالدىدان پاختاكار يېرلەرنى بىرىنچى نەۋبەتدە سۇغارىش باشلاندى، چىگىت سېپىش كېلىب قالغانى حالدا حازرغا قادار پاختاكارلار زەرۇر ئۇرۇغلىقلارنىڭ 60 پرەسەنتىنىگىنە ئالدىلار، خالاس.

مەنە بۇ حاللارغا نىسبەتەن، حازرغى فۇرسەتدە بۇندای ئاشباقابۇرشلەرنىڭ ئالدى ئالىنماسا، ئىشنىڭ سوڭغى پەيتىدەگى ۋای - ۋايلار فايدا بېرمەسلىگى ئانىق.

تاشۆيقات پوييزى قۇۋادا!

«قىزىل ئۆزبېكستان» ۋە «كەمباغال دېھقان» گەزىتەلەرىنىڭ سايىار هەيئەتى 3 ئانچى ئەپرېلدە قۇۋا ئىستەنسەسىگە كېلىب توشدى.

ئوشال كۈننىڭ ئۆزىدە ئىستەنسە ئاترافىداغى 500 دان ئارتىق محنەتكەشلەر ۋە محنەتكەش خاتىن ـ قىزلارىنى توپلاب كىنو هەم كېچە ئوتكەزىلدى. ئېرتەسى 14 ئانچى ئەپرېلدە قۇۋانىڭ بۈتۈن قىشلاقلارىداغى كولخوز ۋە كوكلەم ئىشلەرىنى كوزدەن كېچىرىش، شۇ بىلەن برگە قىشلاق دېھقانلارىنى گەزىتەچىلىك ۋە سەنعەت ئىشلەرىگە، ياقىنلاشدىرىش ئۈچۈن ئايرىم قىشلاقلاردا كىنو ۋە كەنسېرتلەر ئوتكەزىش پىلانلارى تۈزۈلدى.

تاشۆيقات پوييزىدا چىقاتۇرغان «ئېكىن جەبهەسىدە» گەزىتەسىنى 14 ئانچى ئەپرېلدەن باشلاب چىقارىلدى.

سايىار تاشۆيقات پوييزىنىڭ قۇۋاغا كېلىشى ـ بۇندە كولخوزلاشدىرىشنى مۇستەحكەملەش، كوكلەم ئىشىنىڭ كەمچىلىكلەرىنى تۈزەتىشلەرگە جىنەكەم خزمات كورسەتىشلەرىدە شۇبهە يوق.

تېشە باى.

سىز قاچاق ئېكەنسىز - كۇ!

سامارقاندا ئۆزبېكستان باقچاچىلىق سايۇزىنىڭ تەشەبۈسى بىلەن باقچاچىلىق باراسىدا خاتىن ـ قىزلاردان ئىشچىلەر تاييارلاش ماقسادىدا قۇرس ئاچىلغان ئېدى، بۇنغا خاتىن ـ قىزلاردان ئوقوشغا يوبارىش مەسئەلەسىگە بەعزى رايونلار پەنجە ئاراسىدان قارادىلار. جۇملەدەن برى، تاشكەنتنى ئالساق ئۇ، قويىداغىچا لوتتى بازلىقنى ئوينادى.

ئۆزبېكستان باقچاچىلىق سايۇزى تامانىدان مەحەللەرگە بېرىلگەن دېرېكتىقىدە «قۇرسقا قىشلاق بەترەك ۋە كەمباغال خاتىن ـ قىزلاردان يوبارىلسىن» دېيگەن بولسا تاشكەنت باقچاچىلىق سايۇزىدا ئولتىرغان «كەتتەلەر»، «قىشلاق خاتىن ـ قىزلاردان ئىستەب تاپىش ئاغاغا شەفىع. كېل، شەھەردە ئوقىب تورغانلاردان يوبارامىز قويامىز» دېيدىلەر ـ دە، مەكتەبدە ئوقىب تورغان عومەروۋانى يوباردى. ئۇ، بۇ قورسقا كېلىب، 4 ـ 3 كۈن تۇرمەسدەن قاچىب كېتتى. مەنە بۇ حال، شۇنى كورسەتە ديكم، تاشكەنت تەشكىلاتلارى باقچاچىلىق ئىشچىلەرى تاييارلاش ساحاسىدا خاتىن ـ قىزلاردان مايالار يېتىشدىرىش مەسئەلەسىگە ياخشى ئېعتىبار قىلماغانلار.

ئوقوچى.

سۇرخان داريا غاللا كوپېرەتسىيەسىنى تېكشىرىش كېرەك

ئونىۋېرسال كوپېرەتسىيەنى قايتادان تۈزىش ئىشىدە بىز كيىندە قالدىق. بۇ ئىش، ئېكىن كەمپەنىيەسى ياقىنلاشغاچىقىنا باشلاندى. ئونىۋېرسال كوپېرەتسىيەدەن ئىشلەرنى قابول قىلىب ئالىش ئۆزاققا چوزۇلغانىدان، سېستەمەلەر عەمەلى ئىشكە جۇدە كېچ قالىب كىرىشدىلەر.

كوكلەم ئېكىن كەمپەنىيەسى ئالدىدا تۇرغان ۋازىفەلارنى مۇۋافىققىيەتلى بەجەرىش ئۈچۈن، كېلىب بەهقان عاممەسىنى ئىشلەب چىقارىش شركەتلەرىنىڭ ئىشلەرىگە تارتىش كېرەك ئېدى. رايون غاللا كوپېرەتيفلەرى ئېسە، بۇنى قىلمادىلار ۋە شۇكۈندە هەم ئونىۋېرسال كوپېرەتسىيەدەن نەمۇنە ئالىب ئۆز ئەپپەرەتلەرى بەلەنگىنە ئىشلەمەكدەلەر. ئىشلەب چىقارىش شركەتلەرىنىڭ بەعزى رەهبەرلەرى ئىشكە تارتىلغان بولسالار هەم، بولارنىڭ ئىشلەرى ئات چاپارلىق ياكى تاييارلاش ئەگىنتلەرى ۋەزيفەلەرىنى بەجەرىشدەن نەرگە يېتكەنى يوق. ئىشلەب چىقارىش شركەتلەرىنىڭ ئىدارا ئاعزالارىغا رەهبەرلەر دېب قارالمايدى ۋە بۇ ئاحۋال كوپېرەتسىيە ئىشلەرىنىڭ ئاساسىنى بۇزادى.

كوكلەم ئېكىن كەمپەنىيەسى، قايتادان تۈزلگەن كوپېرەتسىيە سېستېمەلەرى، ئاينىقسا ئىشلەب چىقارىش شركەتلەرى ئۈچۈن سىنەش بولىشى كېرەك ئېدى. براق، بۇلارغا ئېكىن كەمپەنيەسىدە قاتناشۇۋ ئىمكانى بېرىلمەدى.

دېمەك، مەركەزقومىنىڭ قىشلاق خوجالىق كوپېرەتسىيەسىنى قايتادان تۈزىش حاقىداغى قارارى جايلاردا تۈشۈنىلمەگەنىدەن بۇ ئىشدە زور سىياسى خاتاغا يول قويىلغان.

رايون غاللا كوپېرەتيفلەرى زور ماهىيانا ئالاتۇرغان كۆچلى ئىشچىلەر بىلەن تەئمىن قىلىنغان بولسالار هەم، ئۆزلەرىنىڭ مۇستەقىل سايۇز ئېكەنلەرىنى بىلمەيدىلەر، ئۆز ئىشلەرى ئۈچۈن جاۋابگەر بولىشلارىنى تۈشۈنمەيدىلەر ۋە تېكشىلى تەشەبۈس كورسەتمەيدىلەر.

ئوتكەن كەمپەنىيەدە شەرتلەنگەن غاللا ئېكىنلەرىنى ۋە شالىنى يېتىشدا، رايون غاللا كوپېرەتيفلەرى هېچ قانداى ئىش ئوتكەزمەيدىلەر. نەتيجەدە شەرتلەنگەن غاللانىڭ ئەنچەگىنە مىقدارى يىغىلماي قالدى.

ئوكرۇگدەن ئالب تا ئىشلەب چىقارىش شركەتلەرىگەچە بولغان بۈتۈن سېستەمەلەردە، مالىيە ـ مۇعامەلە ۋە تەشكىلى ئىش پىلانلارى هەممەدە كەم ـ چىقىم ئىسمەتەلەرى يوق.

مابلاغلارنى چىقملاش ئىشىگە جۇدە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قارالا ياتر. مەسەلەن، ئونىۋېرسال كوپېرەتسىيەدەن كوچكەن بۈتۈن حزماتچىلارنىڭ ماهىيانالارنى ئېسكى ماهىيانالارىغا قاراغاندا كوپەيتىرىب بېلگىلەدىلەر.

رايون بىلەن مەركەز ۋە ئوكرۇگ ئورتاسىدا بولغان بۈتۈن عالاقەشلەرى تېلېگراف ئارقالى يۈرگىزىلمەكدە. بۇنىڭ ئۈچۈن هەر ئايدانىڭ كەممەدە مىڭ سوم پۇل خاراجات قىلىنادى.

رايون غاللا كوپېرەتيفلەرىگە بېرلگەن ماقسادلى مابلاغلار، ئەپپەرەتنىڭ باشقا ئىشلەرى ئۈچۈن سەرف قىلىنا ياتر.

عۇمۇمەن، رايون غاللا كوپېرەتيفلەرىنىڭ ئەپپەرەتىدە ئانىقلىق يوق. ئۇلار ئۆزلەرىنىڭ ئالدىلارىغا قويىلغان ۋەزيفەلەرىنىڭ مۇهىملىگىنى تۈشۈنمەيدىلەر. بۇنغا يەنە كوپېرەتيف مەركەزلەرىنىڭ ئۆز شاخابچالارىغا رەهبەرلىك قىلماغانلارىنى هەم قوشساق، يەگى سېستېمەلەرنىڭ ئىشىنى شاشىلىش رەۋىشدە يولغا قويىش كېرەكلىگىنىڭ زارورلىغى يەنە بىر مەرتەبە ئايدىنلاشادى. شەرتلەشنى تامامىلاغاندان كېيىن كېلەجەك سوكونەتنى، بۈتۈن ئىشنى چېتەكەم كوپېرەتيف ئاساسلارىدا قايتادان تۈزىش ۋە، ئىشنىڭ ئاغرلىق مەركەزىنى ئىشلەب چىقارىش شركەتلەرىگە كوچىرىش ئۈچۈن ئېستفادا قىلىش كېرەك.

ئونىۋېرسال شاخابچالارىنى توگەتىش، يەگى سېستېمەنى تەشكىل قىلىش ئۇنىڭ ئىشىگە باغلىقدىر. توگەتىش ۋاقىتدا بىزگە كەمگە قانداى ئىشنى تاپشىرىش، توگەتىش تەرتىبلەرى ۋە ئوكرۇگ كولەمىدە بۇ ئىشكە رەهبەرلىك قىلىش توغرىلارىدا بىر تالاى ئانىقسىزلىقلار كورەك.

ئىلگەرىگى ئونىۋېرسال شركەتلەرنى توگەتىش مۇددەتى 15 ئانچى ئەپرېل بولسا هەم، توگەتىش كومىسسيەلەرىنىڭ ئىشى ئۆزاققا چوزىلدى ۋە ئاخرى هەلىگەچە كورنمەيدى.

بۇندا ئاساسى بەلا شۇندادىرىكىم كوب توگەتىش كومسيەلەرى ئىشنى

„Bədən tərʙijə kəlxoz və sovxozlarqa"

təşkənt ʙədən tərʙijəcilәri ʙujьlqь sezonnь şy əsasь şʙar ʙilən acdьlar

يەگى تەشكىل قىلنغان سېستېمەلەرگە تاپشىرىب بىترگەنلەرى يوق. بۇ ئاحۋال، بىر تاماندان: توگەتىش كومىسيەلەرىنىڭ ئىشىنى تامامىلاشنى توقتاتىب تورسا، ئىكىنچى تاماندان، مۇعامالا ئىشلەرىنى يەگى سېستېمەلەرگە تاپشىرماي تورۇش، بۇلارنىڭ مۇعامالا پىلانلارىنى بەجەرىشلەرىگە جۇدە زەرەرلى رەۋىشدە تەئسىر قىلادى.

هەر حالدا ئىشلەرنى يەگى سېستېمەلەرگە تاپشىرىشدا كورسەتىلگەن سۇدرەتمەچىلىك دەۋلەتكە جۇدە قىمەماتغا توشادى ۋە كوب زەرەرلەر كېلتىرەدى. چۈنكى، دەۋلەتكە توگەتىش كەمىسيەلەرى تەربيەسى ئۈچۈن كوب پۇللەر بېرىب تورۇشغا ۋە قىشلاق خوجالىق حاسىلاتلارىنىڭ كەم تاييارلانىشىدان مادى زەرەرلەر كورۇشكە توغرى كېلەدى.

ئاخردا شۇنى هەم ئەيتىب ئوتىش كېرەككىم قايتادان تۈزىلگەن سېستېمەلەرنى مۇستەحكەملەش بويىنچا كورىلەجەك تەدبىرلەر، برىنچىدەن، بۈتۈن ئىشنىڭ ئاغرلىق مەركەزىنى ئىشلەب چىقارىش شركەتلەرىگە كوچىرىش، ئىكىنچىدەن، مالىيە ـ مۇعامالا هەممە تەشكىلى ئىشلەرنى ئىشلەب چىقىش ۋە ئۈچۈنچىدەن، هەر بىر يەگى سېستېمەنىڭ مالىيا ئاحۋاللىنى ئىشلەب ئوتىش نۇقتاسى نازاردان ئوتكەزىلسىن.

دىۋمان.

jaxşь və jaman tamanlar

(تاشكەنتدەن تېلېفون بىلەن ئالىندى)

كولخوزلارغا بېرلگەن ئىمتيازلار ماقسادغى دېكرېت كولخوزقۇرىلشىداغى خاتالارغا قارشى كۆرەشىش حاقىداغى قارارلار ۋە شۇ خاتالارنىڭ ئەنچە تۈزەتىلىشى هەممە رايونلارنىڭ ئىنچلەنب ئىشكەيىل باغلاشلارىغا سەبەب بولدى. ئىلگەرى حۆكم سۈرگەن چاتاقلىقلار حازر يوقالدى. كولخوزدان چىقىش حاقىداغى گەپلەر هەم توگەدى. دېھقان عاممەسى دەلە ئىشلەۋىگە چىقدىلار. يېر هەيدەش حازر جۇدە قىزغىن كېتەياتر. يەگى يول ۋە ئاقتېپە رايونلارىدا 7366 هېكتەر پاختاكار يېرلەرگە ئېكە بولغان كولخوزلار بۇنەك ئالب ئىشكە كېرىشدىلەر. 20 ئانچى ئەپرېلگەچە برنچى هەيدەش توگەدى. بەعزى كولخوزلار يېرلەرىنى 2 مەرتە هەيدەي باشلادىلار.

عۇمۇمەن كولخوزلاردا محنەت تەشكىلاتى يولغا قويىلا باتر. كوب كولخوزچىلار برىگادەلەر ۋە گورۇهلەرگە ئاجرالدىلار. ئۇلارغا زەدەنىيەلەر بېرلدى. ئىش ئۈچۈنى مەركە ئۇسۇلىگە قويىلادى. ئىش حاقى هە 5 كۈندە بىر مەرتە تولەنەدى. لېكىن كولخوزلاردا حسابات ئىشى هەلى جۇدە ئاقسايدى. يېم ـ خەشەك يېتىشمەيدى. ئېسكى تاشكەنت قىشلاغىدا كولخوزنىڭ ئىش حايۋانلارىغا 4 ـ 5 كۈن قاناردان ئازىق بولمادى. جۇدە كېچىسزلەنگەن ئىش حايۋانلارى بىلەن يېر هەر كۈنى 3 ساعاتغىنا هەيدەلدى.

ئات كۈچى بىلەن هەيدەشنىڭ سفەتى پەست. چۈنكى قۇۋۋاتسز ئاتلار بىلەن چۇقۇر هەيدەب بولمايدى. ترەكتور بىلەن هەيدەش سفەتى هەم ئانا عاقلانرلىق ئېمەس. ترەكتورلەر 1 ـ 2 ۋېرشوك چوقۇرلىقىغىنا هەيدەيدىلەر. بۇنغا سەبەب شۇكى، ترەكتورچىلەر تەجرىبەسىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەرى ئۈستىدان هېچ قانداى كونترول قويىلماغان.

رېمونت مەستىرسكويلەرى بار. لېكىن ئۇلار ئېحتيات قىسملار بىلەن تەئمىن قىلىنغان ئېمەسلەر. ترەكتورلەر كوب ۋاقت سەفەردەن چىقادىلار. ئۇلارنىڭ ئىش ئۈنۈمى هەم پەست. مەسەلەن، ئىستالىن كولخوزىدا 1 ـ 10 ئەپرېلدە 7 ترەكتور ئەنىگى 50 هېكتەرگىنە يېر هەيدەدىلەر، حالاس. يەعنى، 2 ئىسمىنە بىلەن ئىشلەگەن شۇ ترەكتورلەرگە هەر كۈنى 10'7 هېكتەرگىنە توغرى كېلادى.

يەگى يول رايونىدا بۇنەك بېرىلىب بولدى، 22467 هېكتەر ئورنغا 20843 هېكتەرگە بۇنەك بېرىلدى. يەعنى، پىلاندا كورسەتىلگەندەن 8 پرەسەنت كەم. پىلاننىڭ كەم بولىشىغا سەبەب شۇكى، يەگى سۇغارلغان يېرلەرگە كوچۇچىلەر كەم بولدى ۋە بۇ يېرلەردەن 1000 هېكتەرى پىلاندا ئاشىقچا كورسەتىلگەن.

بۇنەكدەن يول كۈچلەب ئالىشدا هەر فونكت ئۆزىچە حەرەكەت قىلا ياتر. يەگى يول رايونىدا كولخوزلارغا بېرگەن بۇنەكلەر ۋاقتىدا دېھقانچىلىق ئاسبابلارى ئۈچۈن 25 ۋە ئېسكى قارزلارى ئۈچۈن 25 پرەسەنت ئۇشلاب قالدىلار. كولخوز ئاعزالارى قارزدارمى، يوقمى ـ بۇنى سۇرشتىرگەن كىشى بولمادى.

ئوكروگدە قىشلاق خوجالىق ئاسبابلارىنى تارقاتىش جۇدە سۇست كېتە ياتر. سوقاغا ئېحتياج كەتتە ۋاقتىدا ئۇلار بولمادى. حازر سوقا كيلە باشلادى. لېكىن ئەلەبكارلەر يوق. سوقا ئۈچۈن زەرۇر ئاسبابلار هەم يوق. شۇ سەبەبلى كوب دېھقانلار يېرلەرىنى ئاماچ بىلەن هەيدەيەترلار.

بەك ئاباد رايونىدا كەمبەغال، خوجالىقلارغا ياردام كۆنى ياخشى ئۆتتى. حەشەر يولى بىلەن 130 كەمباغال خوجالىقلارنىڭ يېرلەرى هەيدەلدى. شۇ كۈندە پاختا كوپېرەتسيەسى 9 تە ترەكتور ئاجراتىشى رايوندا 1050 تە ئىش حايۋانى سەفەربەرلىككە ئالىندى. حەشەردە 1000 تە دېھقان ئىشتىراك قىلدى. جەمعى 200 هېكتەر يېر هەيدەلدى ۋە جۇدە كوب گوك ئوكىلدى.

dalalarьmьzda

mənə şyndəj, şydgərgə kecikkən qьşjaqlar həm ʙar.

يەگى يېرگە ئورناشدىرلغان دېھقانلار ئاراسىدا

بۇلارغا ئىش حايۋانلارى يېتمەيدى، ئاتلار يېم ـ خەشەكسز قالدى. يېرلەرنى سۇۋ باسدى. يارداملار ۋاقتىدا بېرلمەدى

لېنىن ئاباد (سايىار مۇخبىريمزدان). مرزەچول رايونىداغى لېنىن ئاباد، يەگى ئاۋۇل ۋە حەيدەر قىشلاقلارىدا 400 تە يەگى خوجالىقلار جايلاشتىرلدى. بۇندان لېنىن ئاباداغى «زېلېنسكى» كولخوزىدا 178 يەهودى خوجالىقلار بار. يەگى ئاۋۇلدا ئەندەجان ۋە فارغانادان كېلگەنلەر حەيدەر قىشلاغىغا هەم 97 خوجالىق كېلىب «ئابادانچىلىق» كولخوزى تۈزگەنلەر.

كولخوزچى دېھقانلارنىڭ ئېككەن بۇغدايلارى حازر قارچىدان ئاشىب، كومەكۆك مەيسەلەب ياتادى، لېكىن يېرلەرنىڭ تېۋەرەك ئاترافىنى سۇۋ باسىب كېتەكەن. ئاينىقسا، يەگى ئاۋۇل كولخوزىنىڭ ئارىقلارى يوق، هەممەدەن بۇنىڭ يېرلەرى سۇۋ ئىچىدە قالىش خاۋفى بار. بۇ كولخوزداغى خوجالىقلارغا چاقرىملارچا ئۆزاق جايدان ئۇي بېرلگەن. ئەگەر كولخوز ئاعزالارى ئۇيلەرگە بارمايتۇرغان بولسالار، ئاچ قالادىلار، عومۇمى ئاۋقاتخانالار يوق، فاقات فارغانەدا، ئەندىجان ئوكرۇگدەن كېلگەن خوجالىقلار ئانالارىنى 5 ـ 10 تە بولىب كوللېكتىف بىلەن ياپادىلار. ئاما يەهودى خوجالىقلار يەككە نان پىشىرەدىلەر، بۇندا خاتىن ـ قىزلارنىڭ تامام عومرلارى يەككەرگە نان يېپىش بىلەن ئوتىب بارادى. ئاۋقات پىشىرىش هەم شۇل ئالپازدا.

«قىزىل يولدۇز»، «ئابادانلىق» كولخوزلارىغا حايۋانات سايۇزى ئىش حايۋانى بېرىشگە ۋەعدە قىلغان ئېدى، هەلىگەچە ئۆز ۋەعدەسىنى بەجەرمەي كېلەدى. بولاردا ئىش حايۋانى يېتمەگەنلىگىدەن جايلارى هەيدەلمەي ئورادى.

يەهودىلەرنىڭ «زېلېنسكى» كولخوزى هەلى ترەكتور كورمەگەن بولارغا ئىش «حايۋانلارى» بېرلگەن بولسا هەم ئولار يېم ـ خەشەكدەن ئالدىقىب ياتادى. كوب ئىش حايۋانلارى قىلىشلاب ئىشلەيدىلەر. بۇنغا رايون ئېكىن كومىسيەسى ۋە رايون كولخوز ـ پاختا سايۇزى ياردام كورسەتمەيدى. شۇ كولخوزنىڭ هەم بىر قانچا هېكتەر يېرلەرىنى سۇۋ باسىب ياتادى. بۇنى يېر شۇعبەسى كورمەيدى.

كوب كولخوزلاردا ئېختىنەچىكى يول ـ بۇيرۇقلار ۋاقتىدا بېرلمەگەندەن ئىشلەر ئولدە ـ جولدە ياتادى. شۇ رايونداغى 3 كولخوزغا 20 مىڭ سوم ئۆزلى ئىشلەرگە بېرىلەدۇرغان ياردامـلار هەلى هەم بېرىگەنى يوق.

كولخوزلار، حيساباتچىلار يوقلىقىدان قىينالادىلار. فاقات «زېلېنسكى» كولخوزىغا 3 مەرتە حساباتچى چىقىب، قايتىب كېتدى.

كولخوزلاردا ئىش، محنەت نورمەلەرى يامان قويىلغان. كوب ئاعزالارنى ئېرتە بىلەن تورغۇزىب ئىشكە يوبارادىلار. ئۇلار نەچە ساعات ئىشلەيدىلەر، قانداى رويخات زەرۇر، ـ بۇنى هېچكم ئېسىگە ئالمايدى.

ئۈچ كولخوزدا فرقا، كومسومول يەچېيكەلەرى تۈزلگەن يوق. ئىشكى ئايلاب ۋاقت ئوتدى. براق بىرمەرتەبە بولسىن كولخوزچىلارنىڭ قوشما مەجلىسلەرى چاقرلمادى.

كولخوزلارداغى ترەكتورلەر ياخشى ئىشلەمەيدىلەر. مەسەلەن: هەيدەر قىشلاغىداغى ترەكتور هەر كۈنى 3 هېكتەر يېرنى هەيدەشى كېرەك ئېدى. سوروئەسگە 17 كۈن شۇ پىلاننىڭ 1,33 پرەسەنتىگىنە بەجەرب كېلەدى.

رايون كولخوز ـ پاختا سايۇزى كولخوزلاردان خابار ئالمايدى. ئۇنىڭ رەهبەرلەرى قامچىن ئوينادىش بىلەن ئاۋارا. حاتتا رايون كولخوز ـ پاختا سايۇزىنىڭ ئۆزى بولغانب ياتادى.

حايۋانات سايۇزىنىڭ بربىتە مزنىگى شۇندايكى ئۇ، 29 ئاتنى «زېلېنسكى» كولخوزىغا پۇل بەرەۋەردە بېردى. بولارنىڭ 10 تەسى كوتەلەك ئىشكە يارامايدى. شۇ كولخوزنىڭ كوب ئىش حايۋانلارى ئاچىق هاۋادا ياتادى. هاۋادان نەم توشۇۋى بىلەن هەم شۇدېرىك زەعەرگە بېلەگكى بولىب قالدى.

قىشلاق خوجالىق قارز شركەتى كولخوزلارغا پۇللەرنى جۇدە كېچىكدىرب بېرەدى. حاتتا بىرىنچى بۇلنى 29 ئانچى مارتدا بېردى، شۇ ۋاقتدا ئىش حايۋانلارى ئىكى باھاكوتەرلگەن ئېدى.

رايون يېر شۇعبەسى «قىزىل يولدۇز» كولخوزىغا مارتنىڭ ئاخرلارىدا يېرلەرنى بولب بېردى. يېر شۇعبەسى تامانىدان هەلى هەم يېر بېرىش داۋام قىلادى.

عۇمۇمەن، يەگى ئورناشدىرلغان كولخوزلاردا ئىشكە هەۋەس كەتتە. ئاما رايون ئىدارالارىداغىلارنىڭ كوزلەرىنى شىرە باسقان. بولماسا، يەگى مەدەنيەت دېگەن جايدا 180 خوجالىقدان عبارات كولخوز تۈزلدى. بۇندا 230 خوجالىق سرىق ئارىق، مەئمۇر ئارىقدا ئۆزار ئېدىلەر، خوجالىقلارغا سىددىق، دون، قاسىم، مەئمۇر سىرگەلى ئارىقدان بېرىلەتۇرغان بولدى. 8 ئانچى ئەپرېلدە هەم بولارنىڭ يېرلەرى ئاجراتىلب بېرلگەنى يوق، بۇنغا يېر شۇعبەسىدەگى باغدانىق ۋە ئۇنىڭ دوملەرى عايبدار.

غۇلام

حازرغى ئىش، قۇرۇق قارارلار بىلەن بېلگىلەنمەيدى

بەتتە كيسەر ۋە تەرمىز شەهەر فرقا تەشكىلاتلارى ئېكىن كەمپەنيەسىگە ئىشتىراك ۋە رەهبەرلىك قىلىش توغرىسىدا بىر تالاى قارارلار چىقاردى.

ئېكىن كەمپەنيە مەسئەلەسى شەهەر قومىتاسىنىڭ پلېنومىدە، عومۇمى شەهەر تەشكىلاتلارىنىڭ مەجالسەلەرىدە، كەسەبە تەشكىلاتلارى، فاعاللار كېڭەشى ۋە باشقالاردا قارالىب ئوتدى. ئەۋۋەلدە بارچا تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلارىنى سەفەربەرلىككە ئالىنىشلارى توغرىسىدا قارار چىقارىلىب، كېيىن ئۆزلارىنى زەربدار ئىعلان قىلدىلار. بىر تالاى قارارلار ۋە چارالار كورسەتىلگەندەن كېيىن ئېكىن كەمپەنيەسىگە بارچا تەشكىلاتلارنىڭ غايرات بىلەن ئىشتىراك قىلاجاقلارى كورىلدى.

براق، قارار قاغاز ئۈستىدە قالا بېردى. هەر بىر يەچېيكە حازردا هەم فرۇست قىمرلاماغان ۋە ئىدارالارنىڭ كوپى حازرغاچا ئېكىن كەمپەنيەسىگە قاراتىلماغان. بەعزى بىر ئىدارالار كەمپەنيەگە عالاقالارى بولماغانىنى بىلدىرىب، ئۆزلارىنى چېتكە ئارتىب ئوتورادىلار. ئېكىن كەمپەنيەسىگە سەفەربەرلىككە ئالىنغان زەربدارلارنىڭ ئىسملەرى فاقات قارارلاردا يازىلىب قالا بېردى. فرقا يەچېيكەلەرى بۇ ساحادا عەمەلى ئىش ئالب بارىشدا سۇستلىك قىلدىلار. بۇنىڭ ئۈستىگە ئوكرۇگ فرقومى تامانىدان يەچېيكەلەرگە يوبارىلغان حات مۇزاكەرە قىلىنماغان. بەعزى جايلاردا بۇزەگى ئوقىب چىقىش بىلەن قاناعاتلانىب قالغانلار.

مارت ئايىدا تەنىنەلى بىر رەۋىشدە كەسەبە سايۇزلارىنىڭ ئاعزالارى بىلەن بولگەن فرقا تەشكىلاتلارىنىڭ مەجلىسى چاقرىلىب، ئۇندە ئېكىن كەمپەنيەسى ۋە شېفلىك مەسئەلەسى قارالدى. ئۇزاق مۇزاكەرەلەردەن كېيىن عەمەلى قارار چىقارىلىب كوتيرمەن (شەهەر شوراسى رەئىسى)، ئارىيف (ئوكرۇگ كەسەبەلەر شوراسى)، ئوداسىن شاخىفدان عبارات شېف جەمعيەتى قومىتاسى تۈزىلدى. بولارغا بىر قانار قانچى ۋەزيفەلەر بويىچا، تەشكىلات، بەتتە كيسەر رايونىنىڭ ئانالىغىنى ئالدى. براق، بۇ هەم قاغاز ئۈستىدەگىنە قالىب كېتدى. حازرغاچا هېچبر ئىش قىلمادى. حاتتا يەچېيكەلەر بىلەن مۇستەقىملار كەملەرگە شېفلىك قىلغانلارىنى هەم بىلمەيدىلەر.

شەهەر فرقا ۋە كومسومول يەچېيكە سەركاتىبلارىنىڭ سوڭغى كېڭەشلەرىدە بۇندای ئاحۋاللارغا قاتعيان خاتىما بېرىش بىلەن بىرگە، عەمەلى ئىشكە كېچىش حاقىدا يەگى قارارلار چىقارىلغان بولسا هەم عەمەلى ئىشلەر يەنە مۇزلاب قالدى.

شەهەردە فرقا ئىشىنى قارار بىلەن ئېمەس، بەلكى عەمەلى ئىش بىلەن يولغا قويىش زەرۇر. حازردان باشلاب يەچېيكە هەيئەتى ۋە ئولارنىڭ رەهبەرلىكلەرى تېكشىرىلىب، بۇ حاللارغا نەزەرەن قاتعى چارالار بېلگىلەنىشى كېرەك.

عيكمەن.

چېگىرتكە ئورمالاب قالدى

بېكتاباد (سايىار مۇخبىر). رايوندا چېگىرتكە قورقىنچى شاشىرايادر. ئوكرۇگ پاختا سايۇزى رايوندان قشلاقلارغا بارغان كۆرەشچىلەر، چېگىرتكەلەرنىڭ كەتتە ـ كېچىكلىگىنى، ئۇۋعەلەرىنى ۋە قايېرلاردا تۇخم سالغانلىغىنى تەكشىرىب چىقدىلار. سەرتيىز قىشلاغىدا 800، ديلۇەرزىن ئېسكى سەبخوزىدا ـ 547، تۆتلكدە 132، بېكتاباد قىشلاغىدا 100 سىرتىنىسكەدە 200 هېكتەر يېرگە تۇخم قويىغان. رايون زەرەرلى حاشارات بىلەن كورەشىش كومىسيەسى ۋە شاشەلىش ياردام ئاترادلارى تاييارلىق كورمەكدەلەر: تۆرلى دارىلارنى قويىش ئۈچۈن 4 جايغا ئىسكەلەد قىلىندى، دارى ۋە ئاسبابلار تاييارلاندى، پاختا مايدانىغا چېگىرتكەلەرنىڭ زەرەرلەرى كەتتە. بىلىشنى ئېعتبارغا ئالب رايون بويىنچا عالاحىدا تاشۆيقاتچىلار بېلگىلەندى.

پايتاخت كۈندەلىگى

❋ ئوزبېكىستان خالق كومىسەرلەر شوراسى، رايونلاردا ئوى - جاى قۇرش ئىشىنى تېزلەنش ۋە ئۇنغا ياردام بېرش ئۇچۇن ئوكروگلاردا ماسوس سارمايا تەشكىل قىلا ئورغان بولدى. جۇملەدەن بېرى، تاشكەنت، سامارقاند، فارغانا وە ئەندىجان ئوكروگلارىدا شو يلدەن باشقا ئوكروگلاردا كېلەسى يلدەن عەمەلگە ئاشىرش توغرىسىدا نيزامنامانى قابول قلدى.

❋ خالق كومىسەرلەر شوراسى، يۈز مڭ سوم ئۇستەفكەلك سارمايالارى بولغان دەۋلەت ساناعات ترېستلەرىنى فايدا سارمايالارىدان تاقسىم قىلش وە بۇنەن دەۋلەت بانكەسىگە ئاجرانش باراسىدا دەۋلەت ترېستلەرى بر ئاى ئىچىدە ئوز ئوستافلارىغا ئۆزگەرش كرگىزىشنى تەكلىف قلدى.

❋ خالق كومىسەرلەرى شوراسى، مۇشتومزور خوجالقلارىنىڭ ئاچق ھىسابىنى ئالش ئىشىنى، مەھنەت كومىسەرلىگىگە، قىشلاق خوجالىق وە بېر - ئورمان ئىشچىلەرى سايوزيغا تاپشىردى.

❋ خالق كومىسەرلەر شوراسى، قىشلاق خوجالىقىغا دائىر ئوقو مۇئەسسەسەلەرىنى ماعارف كومىسەرلىگى قاراماغىدان ئالب، يېر ئىشلەر كومىسەرلىگى ئختىيارىغا ئوتكەزىشكە قارار قلدى. ميتود جيھەتدەن رەھبەرلك قىلب تورشنى ماعارف كومىسەرلىگىگە تاپشىرلدى.

❋ خالق كومىسەرلەر شوراسى، 31 - 1930 نچى يلغى دەۋلەت بۇدجەتىنى كورب چقدى. ئۇتكەن يل داراماد - 108 مېلىون 740 مڭ سوم بولب، خاراجات 14'2 پرەسەنت ئاشقان ئېدى.

بو يل ئيسە داراماد - 118 پرەسەنت ئاشب 177 مېلىون 502 مڭ سوم بولغانلىغىنى كورسەتب، دەۋلەت مۇئەسسەسەلەريگە، ئوز خاراجاتلارى توغرىسىدا ئسمىتەلەرىنى تۈزب دەۋلەت كەنترولگە تاپشىرشلارىنى تەكلىف ئېتدى.

Məsylmyhərrir: təhrir həjə't

مەركەزى كەنترول كومىسسيەسىنىڭ پلىنومى ئاچىلدى

20 نچى ئەپرىل كېچقۇرۇن ساعات 6 دە ئوز كومفرقا مەركەزى قومىتانىڭ زالىدا ئوزبېكىستان فرقا مەركەزى كەنترول كومىسيەسىنىڭ نەۋبەتدەگى پلىنومى ئاچىلدى.

پلىنومنى ئاچقان ئورتاق بالتابايف، موحاكەمە قىلىناجاق مەسئەلەرنىڭ ماھىيەتىنى تەسۋىرلەدى. پلىنوم، قۈيىداغى مەسئەلەلەرنى تاسدىقلادى:

1 - ئوزبېكىستان فرقا تەشكىلاتىدا فرقا سەفىنى تازالاشىيەكۈنى،

2 - يەگى خوجالق ۋەزىفەلەرى مۇناسەباتى بىلەن كەنترول كومىسيە ۋە ئىشچى - دېھقان نازاراتىنىڭ ۋەزىفەلەرى، 3 نچى نەۋبەتدەگى ئىشلەردەن عىبارات.

پلىنوم عەمەلى ئىشكە كوچب، برنچى مەجلىسدە ئورتاق بالتابايفنىڭ «ئوزبېكىستان فرقا تەشكىلاتىدا تازالاشنىڭ يەكۈنى» بويىچە داقلادىنى ئېشتدى. شۇ مەجلىسدە داقلاد يۈزەسىدەن ساۋاللار ۋە ئۇنغا جاۋابلار بولب، موزاكەرەلەر ئاچىلدى

كەرم

ئىشسىزلەر ئۆيى بيزارىلار ماكانى

قارغانا (ئوز مۇخبر). فارغانادەغى ئىشسىزلەر ئۆيى، بىزارلار ماكانىغا ئەيلەندى. بۇندا ئولدىرشلار، سويشلار، پيچاق ئورشلەر كوپەيدى. عەيبللەردەن ئوشلەنگەنلەرنى ميليتسيە قويب يۇبارماقدا. ياقندا شۇ يەردە بىرەۋ ئوز خاتىننى سويدى.

ئىشسىزلەر ئۆيىدە تەربىيە ئىشلەرى يولغا قويىلماغان، حاتتا بۇندا بتتە گەزيتە ھەم يوق. بۇ جايدا بۇتۈن جىنائى عۇنسۈرلەر توپلانادى. مېلىتسيە كوز سالمايدى. شەھەردەگى تالاشلار، ئوغرىلىقلارنىڭ باشى ئىشسىزلەر ئۆيىدەدىر

ئىشسىزلەر ئۆيى، يېرلى بودجەدە تۈرب، مەحنەت بىرجەسىگە قاراسا ھەم، بۇتۈنلەي باقىمسىز حالدا. بۇنداغى بىزارىلار كوچەلەردەن ئوتشغا ھەم قويمايدىلار.

قىلمىفچىلار سودىدە

ئىتتحاد تۇركچىلەرنىڭ وەحشەتلەرى

عابىد سەيىدقنى سوراقدان ئوتكەزشكە بيرلگەن ئىكى مەجلس، عەكسل ئىنقلابچىلارنىڭ تاشۇىقات وە فتنە شاخابچالارىنى گەۋدەلەنترەئورغان مەنزەرەدەن عىبارات بولدىكى، عەكسل ئىنقلابچىلار بۇ بىلەن كوب ياشلارنى ئوراب ئالب، ئۇلارنى وەتەنپەر وەرلىككە وە باسماچىلارغا خزمات قىلشغا مەجبۇر ئېتگەنلەر.

— مېن 8 ئايلىق قۇرسلارنى بىترىب، مەكتەب ئوقۇتغۇچىسى بولب ئۇلگۇرەر - ئۇلگۇرمەس، مېنگە مللى قومىتانىڭ بر ئاعزاسى يۇبارىلب، مېنى ئوز فكريگە مۇۋافق «ئىشلەى» باشلادى. بۇ كىشىدەن سوك مېنى ئوز «وەكالەتى» ئاستىغا ئېسكى تاشكەنت ميليتسيەسى باشلىغى رۇستەم نيازبېكف ئالدى.

